كرىلوف مەسەللىرى



# شىر ، بۆكەن ۋە تۈلكە



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى




ISBN 978-7-228-10712-4

9 787228 107124 >

定 价:6.00元

# كرىلوف مەسەللىرى

## شىر، بۆكەن ۋە تۈلكە

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت ئىمىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

克雷洛夫寓言. ④/(俄罗斯)克雷洛夫语言；艾合买提·伊明译—
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.12
ISBN 978 - 7 - 228 - 10712-4

Ⅰ.克... Ⅱ.①克...②艾...Ⅲ. 寓言—作品集—俄罗斯—近代—
维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I512.74

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第158067号

责任编辑：阿不都吾甫尔·赛义丁
责任校对：阿依故丽·沙吾提
封面设计：米尔扎提·阿不都拉塔吉
绘　　图：阿米尔·托合提

克雷洛夫寓言④（维吾尔文）
艾合买提·伊明　译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米　32 开本　3.5 印张　2 插页
2007 年 7 月第 1 版　2009 年 2 月第 2 次印刷
印数：3061—8060

ISBN 978 - 7 - 228 - 10712 - 4　定价：6.00 元

بۇ كىتاب جياڭشى خەلق نەشرىياتىنىڭ 1979 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشـ-
رى، 1984 ـ يىل 4 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنغان
نۇسخىسىغا ئاساسەن قايتا تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىندى.

本书根据江西人民出版社1979年6月第1版、1984年4月第2次印刷本翻译出版的版本重新编辑出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇغوپۇر سەئىدىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى
رەسىملەرنى سىزغۇچى: ئامىر توختى

كىرىلوف مەسەللىرى — 4
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت ئىمىن
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 3.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 3061 —— 8060
ISBN 978 — 7 — 228 — 10712 — 4
باھاسى: 6.00 يۈەن

# تەرجىماندىن

ئىۋان ئاندرېۋىچ كرىلوف (1769 — 1844) روسىيە دراما-
تورگى، ژۇرنالىستى ۋە مەشھۇر مەسەل يازغۇچىسى. مەسەلچىلىك
ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. كرىلوفنىڭ
مەسەللىرى روسىيە ئەدەبىياتى رېئالىزمىنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ
تونۇلغان. ئۇنىڭ مەسەللىرىدە ئەزگۈچى سىنىپلارغا لەنەت، ئېزىل-
گۈچىلەرگە مەدھىيە ئوقۇلغان. بۇ مەسەللەردە روسىيە خەلقىنىڭ
ئەقىل - پاراستى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى كۆزگە يارقىن تاشلى-
نىپ تۇرىدۇ. بۇ مەسەللەردىن روسىيىدىكى ھەر قايسى قاتلام كىشى-
لىرىنىڭ ھەر خىل ئىدىيە، ھېسسىيات، مۇرەككەپ خاراكتېرى ۋە
خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ توغرا، ھەققىي، ئەينەن قىياپىتىنى كۆ-
رۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ كىتابقا كرىلوفنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا يازغان بارلىق مەسەللى-
رى كىرگۈزۈلگەن. بۇ مەسەللەر ئەسلىدە شېئىرىي شەكىلدە يېزىل-
غان. ۋۇ يەن ئەپەندى بۇنى خەنزۇ تىلىغا ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە
قىلغان. ئىنگلىزچە تەرجىمىسىمۇ ئەسلىي شېئىرىي نۇسخا ئى-
كەن. لېكىن، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، ئەسەرنىڭ ئومۇمىي
روھىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىش مەقسىتىدە نەسرىي شەكىل
قوللىنىلغان. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، بۇ نۇقتا ئالاھىدە
كۆزدە تۇتۇلۇپ، سۆزلەر بىر قەدەر ئەينەن ئېلىنىدى، جۈملىلەر بەك
ئەركىن، يۇمشاق ئىشلىنىپ كەتكىنى يوق. ئارىدا ئىنگلىزچە،



خەنزۇچە ئىككى تىل كۆۋرۈك قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەرجىمە كرىلوف ئىجادىيىتىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىدىن خېلى يىراقلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ نۇقسانىنىڭ كەلگۈسىدە ئەسلىي رۇسچىدىن قىلىنغان تەرجىمىسى بىلەن تېخىمۇ تولۇقلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.



# كرىلوف مەسەللىرى

## مۇندەرىجە


قازان بىلەن كوزا.......................... 1

ياۋا ئۆچكە.................................. 3

بۇلبۇل...................................... 5

سۇپۇرگە.................................... 7

دېھقان بىلەن قوي........................ 8

دۇنياخور .................................. 10

شائىر بىلەن زەردار...................... 12

بۆرە بىلەن چاشقان...................... 14

ئىككى سەھرالىق.......................... 16

مۇشۇك بىلەن جىگدىچى قۇش........... 18

ئىككى ئىت................................. 20

مۇشۇك بىلەن بۇلبۇل..................... 22

بېلىقلارنىڭ ئۇسسۇلى...................... 24

باشقا بىر دىنىي رايوندىن كەلگەن ئادەم...... 27

قاغا.......................................... 29

شىر قېرىدى................................ 32

شىر، بۆكەن ۋە تۈلكە..................... 33

دېھقان بىلەن ئات......................... 35

چاقنى ئايلىنىپ يۈگۈرگەن تىيىن......... 37

قىزىل بارراكۇدا بېلىقى................... 39

كاككۇك بىلەن سۇمۇرغ.................... 41




ئۇستىرا ........ 42
قارچىغا بىلەن مىتە ........ 44
يوقسۇل باي ........ 45
قىلىچ ........ 48
سودىگەر ........ 50
زەمبىرەك بىلەن يەلكەن ........ 51
ئېشەك ۋە ئۇنىڭ كولدۇرمىسى ........ 53
مىرون ........ 55
دېھقان بىلەن تۈلكە ........ 57
ئىت بىلەن ئات ........ 58
ھۇۋقۇش بىلەن ئېشەك ........ 59
يىلان ........ 61
بۆرە بىلەن مۈشۈك ........ 63
قىزىل كاراس بېلىقى ........ 65
شارقىراتما بىلەن ئارشاڭ ........ 66
شىر پادىشاھنىڭ كارىۋىتى ........ 67
ئۈچ سەھرالىق ........ 69
پادىچى ........ 71
تىيىن ........ 73
چاشقان ........ 75
تۈلكە ........ 77
بۆرە بىلەن قوي ........ 79
دېھقان بىلەن ئىت ........ 81






# كرىلوف مەسەللىرى


ئىككى بالا........................................83

بۇلاڭچى بىلەن هارۋىكەش........................85

شىر بىلەن چاشقان.................................87

خوراز بىلەن كاككۇك...............................89

ۋالىي ..................................................91

شىر بىلەن ئادەم....................................93

چىپار قوي...........................................95

زىياپەت................................................97

مىشكاننىڭ زىياپىتى.................................99






# قازان بىلەن كوزا

قازان بىلەن كوزا دوست بوپتۇ. كوزا قازاننى ئىچ - ئىچىدىن ياخشى كۆرىدىكەن. قازاننىڭ ئەسلىي زاتى كوزىدىن ئېسىل بولسىمۇ دوستلار ئارىسىدا بۇنداق ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار دەيسىلەر. قازان كوزىنى ھېچكىمگە بوزەك قىلدۇرمايدىكەن، كوزا بولسا قازانغا ھەرگىز بىۋاپالىق قىلماسلىقتا ئەھدە قىلغانىكەن. بۇ ئىككى دوست بىر - بىرىدىن ئايرىلىشقا زادى چىدىمايدىكەن، دائىم ئەتىگەندىن - كەچكىچە بىللە بولىدىكەن، ئوتقا قويغاندا ئايرىلىش توغرا كېلىپ قالسا ئىككىسىلا ھەسرەت چېكىدىكەن، شۇنداقتىمۇ ئوچاقنىڭ ئۈستىدە ھەر ھالدا يېقىن تۇرۇشقا تىرىشىدىكەن.

بىر كۈنى قازان سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ دوستى كوزىنىڭمۇ ئۆزى بىلەن بىللە مېڭىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ. كوزا بۇ ئىلتىماسنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ ۋە ھارۋىغا چىقىپ قازاننىڭ قېشىدىن ئورۇن ئاپتۇ. ھارۋا بۇ ئىككى بەختلىك دوستنى ئېلىپ ئېگىز - پەس، شېغىللىق يوللاردا تاراقشىپ چايقىلىپ مېڭىپتۇ. يولنىڭ ئېگىز - پەسلىكى قازان ئۈچۈن قىزىقارلىق ئويۇن بولغان بولسا، كوزا ئۈچۈن سىلكىنىشتىن سۇنۇپ كېتىش خەۋپىنى تۇغدۇرۇپتۇ. ھارۋا يولدا ھەر بىر سىلكىنگەندە، قورقىنىدىن كوزىنىڭ يۈرەكلىرى سېلىپ كېتىدىكەن. ھېچقىسى يوق، رۇسلىنىپ ئولتۇرسىلا بولىدىغۇ، قازاننىڭ ئۆزىگە شۇ قەدەر يېقىنلىقىنى





ئويلىغاندا كوزنىنىڭ يۈركى يايراپمۇ قالىدىكەن.

ئۇلارنىڭ نەلەرنى سەپەر قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. مېنىڭ باش قاتۇرۇپ ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلەم بىرلا ــ ئىش-قىلىپ ئۇلار قايتىپ كەلگەن چاغدا، قازان ناھايىتى ساغلام ۋە روھلۇق، كوزا بولسا پارچە - پارچە بولۇپ ئۆزىنىڭ كو-زىلىق ھالىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىكەن.

※ ※

بۇ مەسەل ئارقىلىق نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدۇ: مۇھەببەت ۋە دوستلۇقتا خىلى خىلىغا كەلمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىق كې-رەك.



# ياۋا ئۆچكه

قىش كۈنلىرى ئىكەن. مالچى ئۆڭكۈردە بىر نەچچە ياۋا ئۆچكىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بەك خۇش بولۇپ كېتىپتۇ ۋە كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان هالدا خۇداغا شۈكۈر ئېيتىپتۇ. «ۋاه، بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئىش دەپ!» ئويلاپتۇ ئۇ، «بايلىق دېگەن شۇ، ئەمدى قويلىرىم بىر ھەسسە كۆپىيىدىغان بولدى. مەن بۇلارنى قويلىرىم بىلەن بىللە يايلىيالايدىغان قىلغۇچە، ئاز يەپ، بۇلارنىڭ هالىدىن كۆپرەك خەۋەر ئېلىشىم كېرەك. بۇ بەرىكەتلىك ئورماندا مېنىڭ بايلىقىم بەگىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدىغان بولدى. مېنىڭ پادىلىرىم بېگىمنىڭ ئېكىنزارىغا ئوخشاش كۆپىيىدۇ، ئەمدى ماڭا ھەدىيە دېگەن ياغىدۇ، ئىرىمچىك، سېرىق مايلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ، قوي دېگەننى خالىغاندا سويىمەن. مالغا يەم - خەشەك بولسىلا بولغىنى، ۋەھالەنكى مەن قىشقا دەپ ئوت - چۆپنى تەخ قىلىپ قويىمەن.»

مالچى ئۆز قويلىرىنىڭ ئوت - چۆپىنى قىسىپ ياۋا ئۆچكىلەرگە بېرىپتۇ، ئۇلارغا ناهايىتى كۆيۈنۈپتۇ، غەمخورلۇق قىپتۇ، ئۇلارنى ھەتتا كۈنگە ئەللىك قېتىملاپ كۈتۈپتۇ، ھەر خىل چارىلەر بىلەن ئۇلارنى كۆندۈرۈۋالماقچى بوپتۇ.

بۇنداق قىلىۋەرگەندە قويلىرىنىڭ يەيدىغىنى ئازلايدۇ - دە. خوش، شۇنداق بولسىمۇ نېمە بوپتۇ؟ ئۆز قويىنىڭ ئىشى دېگەن ئوڭاي، ھەر بىرىگە ئازراق پاخال تاشلاپ بەرسە كۇپايە. ئەگەر جىق يەيمىز دەپ تۇرۇۋالسا، تولا ئەدەپسىزلىك قىل-



ماڭلار، دەپ قۇلىقىنى تارتىپ قويغۇلۇق.

لېكىن، يامان بولغىنى ئەتىياز كەلگەندە، بۇقا، ياۋا ئۆچ-كىلەرنىڭ ھەممىسى تاغقا قېچىپ كېتىپتۇ. چۈنكى، قىيا تاشسىز تۇرمۇشقا ياۋا ئۆچكىلەر ھەرگىز كۆنمەيدىكەن. ئەمدى قويلارغا كەلسەك، ئۇلارمۇ تۈگىشىپتۇ، ھايات قالغان بىر نەچچىسىنىمۇ كېيىنچە ساقلاپ قالغىلى بولماپتۇ. قويلىرىدىن ئايرىلغان مالچى ئەمدى ھېچنېمىسى يوق ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ تېخى بۇ يىل ئەتىياز قالتىس بېيىيدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىغان ئەمەسمىدى.

ھەي مالچى! مەن ساڭا گېپىمنى دەۋالاي، سەن ياۋا ئۆچكىگە يەم - خەشەكنى ئىسراپ قىلماستىن، ئەسلىدە قويلىرىڭنىڭ غېمىنى قىلىشىڭ كېرەك ئىدى.







# بۇلبۇل

باھارنىڭ بىر كۈنى بىر ئادەم بىر نەچچە بۇلبۇلنى قىلتاققا چۈشۈرۈۋاپتۇ ۋە ئۇلارنى، ئۆيگە ئەكىلىپ قەپەسكە سولاپتۇ. بۇلبۇللار تۇتقۇنلۇقتا يېتىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ، لېكىن ناخشىلىرى ئورماندا ئەركىن - ئازادە يايراپ يۈرگەن چېغىدىكىدەك چىقماپتۇ. قەپەستە ناخشا ئېيتىشتىن بۆلەك ئەرمەك بولغۇدەك نېمە ئىش بولسۇن؟ ئۇلار زېرىكىش ۋە ئىچى سىقىلىش تۈپەيلى ناخشا ئېيتىشقا مەجبۇر ئىكەن.

بۇ بۇلبۇللارنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا قاتتىق قايغۇرىدىكەن. چۈنكى، ئۇ سۆيگىنىدىن ئايرىلىپ قالغانىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇتقۇن قىلىنىشنىڭ دەردىمۇ يامان - دە، ئۇ خېلى كۈنلەرگىچە ھەتتا ئۇيقۇنىمۇ تەرك ئېتىپ، پىغان چېكىپ يۈرۈپتۇ. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ بۇ روھىي ھالىتى ئۇزۇنغا بارماپتۇ.

«روھىمنى كۆتۈرۈشۈم كېرەك» دەپتۇ ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، «بۇنداق غەمگە پېتىپ يۈرۈشتىن ھېچقاچان ياخشى ئاقىۋەت چىقمايدۇ. ئەخمەقلەرلا مۇشەققەت ئالدىدا كۆزيېشى قىلىدۇ، دانا ئەقىل ئىشلىتىپ بېشىغا كەلگەن مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلىدۇ. مەنمۇ بېشىمغا كەلگەن قىسمەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوبدان ئامال ئويلاپ قويدۇم. ئۇلار بىزنى بۇ يەرگە ئۆلتۈرۈپ يېيىش ئۈچۈن تۇتۇپ كەلگىنى يوق. خوجايىنىنىڭ يېقىملىق كۈي ئاڭلاشنى مەقسەت قىلغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا، ناخشام ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ قالسا، ئۇ چوقۇم ئىچ ئاغرى-





تىپ، بېشىغا كەلگەن شەپقەتسىز تەقدىرنى بىكار قىلماسمۇ، قەپەسنى ئېچىۋېتىپ ماڭا سالغان ئازاب - ئوقۇبەتكە خاتىمە بەرمەسمۇ؟»

ئۇ ئەنە شۇنداق بىمەنە ئويلاپتۇ ۋە قانداقتۇر بىر ئۇمىدۋارلىق بىلەن كەچكى قۇياشنىڭ رەڭدار جىلۋىسىنى، تاڭ قۇياشىنىڭ نۇرانىلىكىنى كۈيلەپ ناخشا ئېيتقىلى تۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇ مۇشۇنداق قىلىپ ئۆز مەقسىتىگە يېتىپتىمۇ؟

ياق! بۇنداق قىلغانسېرى ئۇ تېخىمۇ دەھشەتلىك، ئازابلىق كۈنگە قاپتۇ. ئەلەم يۇتۇپ ناخشا ئېيتالماي يۈرگەن بۇلبۇللارنى خوجايىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا قويۇۋېتىپتۇ. بىزنىڭ بىچارە بۇلبۇلىمىزنى بولسا ئۇنداق قىلماپتۇ. ئۇ ناخشىنى قانچىلىك يېقىملىق ئېيتقانسېرى خوجايىن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يېپىشىۋاپتۇ.







## سۈپۈرگە

پاسكىنا سۈپۈرگىنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسۈپ قاپتۇ. خىزمەتكارلار ئۇنىڭ بىلەن ئاشخانىنىڭ ئاستىنى سۈپۈرمەي، بەلكى خوجايىنىنىڭ چاپان - چۇرىلىرىنى تازىلايدىغان بوپتۇ (چۈنكى خىزمەتكارلار قاتتىق مەست بولۇپ قالغانىكەن).

سۈپۈرگە ھاۋادا پىرقىراپ كېلىپ خوجايىنىنىڭ كىيىمىگە شۇنداق ئۇرۇلىدىكەنكى، ئاۋازىدىن زالمۇ ياڭراپ كېتىدىكەن، ئاندىن كېيىن، كىيىم - كېچەكلەرگە قوناق سوققاندەك، قاتتىق تېگىشلىرىمۇ بار ئىكەن. قىسقىسى، ئۇ بۇ خىزمەتنى پۈتۈن قىزغىنلىقى بىلەن ئىشلەيدىكەن.

لېكىن، چاتاق نەدىكەن دېسەڭلار، سۈپۈرگىنىڭ ئۆزىدە ئىكەن. ئۆزى شۇنداق ماي يۇقى، پاسكىنا، لاي تۇرسا، ئۇنىڭ قانچىلىك ياخشى ئىش قىلالىشى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپلا تۇرامدۇ! ئۇ كىيىمنى قانچە تازىلىغانسېرى كىيىم شۇنچە مەينەتلىشىدىكەن.

※ ※

قىلچە بەدىئىي دىتى بولمىغان ئەخمەقلەر بىز ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىگە تۈزىتىش پىكرى بېرەلەيمىز، دەپ ساراڭدەك ھۇجۇم قىلىدۇ. كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ئۇلارنىڭ قىلغىنىمۇ شۇ پاسكىنا سۈپۈرگىدىن قېلىشمايدۇ.



# دېھقان بىلەن قوي

دېھقان قوينىڭ ئۈستىدىن ئەرزگە كەپتۇ. تۈلكە باشچىلىقىدىكى سوت كوللېگىيىسى سۈرلۈك سورۇن تۈزۈپ، بۇ دەۋانى بىر ياقلىق قىلماقچى بوپتۇ، دەۋاگەرنىڭ دەلىل - ئىسپاتلىرىنىمۇ، جاۋابكارنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىنىمۇ ئاڭلاپتۇ. ئىككى تەرەپ ۋەقەنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ، دەلىل - ئىسپاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

— بەشىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى، — دەپتۇ دېھقان، — سىرتقا بىر ئىش بىلەن چىقىپ كېتىپ كەلسەم ئىككى توخام يوق تۇرىدۇ، توخۇنىڭ پەيلىرى، ئۈستىخانلىرى يەردە. ئۇ كۈنى قورۇدا پەقەت مۇشۇ قويلا قالغانىدى.

— مەن شۇ كۈنى كەچتە ئۇخلىغان، — دەپتۇ قوي، — بولمىسا، قولۇم - قوشنىلىرىمنى چاقىرىپ سوراپ بېقىڭلار، مېنىڭ ئەزەلدىن ئوغرىلىق قىلمايدىغانلىقىمغا شۇلارمۇ گۇۋاھ، ئۇچار - قانات ھايۋاناتنىڭ گۆشىنى يەيدىغان ئادەت مەندە ئەزەلدىن يوق.

تۈلكە بۇ ئىشقا مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىپتۇ:

— بىزنىڭ قارىشىمىزچە، قوينىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى، جىنايىتىنى ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرۇش، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان ئەبلەخلەرنىڭ ئادەتلەنگەن ھۈنىرى. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بەشىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى قوي بىلەن توخۇ ئەسلا بىر - بىرىدىن يىراق



## كرىلوف مەسەللىرى

تۇرغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە توخۇ گۆشى ناھايىتى مەززىلىك، پۇرسەتمۇ ناھايىتى ئوڭىدىن كەلگەن. شۇڭا، مەن ۋىجدانىم بويىچە شۇنداق ھۆكۈم قىلىمەنكى، يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، قوي توخۇنى ھەرگىز بوش قويمىغان.

قوي ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، جازا دەرھال ئىجرا قىلىنسۇن !

قوينىڭ گۆشى سوت تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنسۇن، تېرىسى دەۋاگەرگە تاپشۇرۇلسۇن !





# دۇنياخور

بىر ئالۋاستى نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش، بايلىقنى يەر ئاستىغا كۆمۈپ قويغانىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئالۋاستىلارنىڭ پادىشاھىدىن دەرھال جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىن - بۇ چېتىگە بېرىش توغرىسىدا بىر پەرمان تاپشۇرۇۋاپتۇ. بۇ دېگەن پەرمان، مەيلى ئۇ خالىسۇن - خالىمىسۇن، ئىجرا قىلماي بولمايدۇ - دە. بىزنىڭ بۇ ئالۋاستىمىز قانداق قىلىشنى بىلەلمەي ئېغىر غەم ئىچىدە قاپتۇ. ماقۇل، ئۇغۇ ماڭسۇن، لېكىن بۇ بايلىقلارنى قانداق ساقلاش كېرەك؟ كىم بۇ نەرسىلەرنى قىلچە زىيان - زەخمەتسىز ساقلاپ بېرەلىشى مۇمكىن؟ ئۇنى ساندۇقلارغا قاچىلاپ مەخسۇس قاراۋۇل ياللىۋالسىچۇ؟ ئۇنىڭغا جىق پۇل خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ. جايىدا تۇرۇۋەرسۇن دېسە يوقىلىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەيلەن ئوغرىلاپ كەتتىمىكىن، دەپ دائىم دەككە - دۈككىدە يۈرىدىغان گەپ. چۈنكى، ئالتۇن - كۈمۈش دېگەن خەقنىڭ نەزىرىگە چۈشمەي قالمايدۇ.

ئالۋاستى ئۇزۇن باش قاتۇرۇپ، ئاخىر مۇۋاپىق بىر ئامالنى تېپىپتۇ. ئۆي ئىگىسى ناھايىتى دۇنياخور ئادەم ئىكەن. ئالۋاستى بارلىق ئالتۇن - كۈمۈشنى ئېلىپ، شۇ دۇنياخورنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— قەدىرلىك خوجايىن، مەن ئۆيىنى تاشلاپ، سىرتقا چىقىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. ئىككىمىز نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ناھايىتى ئوبدان ئۆتتۇق، ئەمدى ئايرىلىش ئالدىدا تو-





رىمىز، شۇڭا بىر ئاز سوۋغات ئەكىلىۋىدىم، لايىقلىرىدا بولسىمۇ كۆڭلۈمنى قايتۇرمىغايلا. بۇ بايلىق سىلى قانداق ئىشلەتسىلىمۇ يېتىدۇ، قانداق يەپ - ئىچىپ بۇزۇۋەتسىلىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارى. ئىشقىلىپ كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلسىلا بولىۋېرىدۇ. مېنىڭ پەقەت بىرلا تەلىپىم بار: ئەجەل سىلىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئازابلىق كۈنلىرىنى ئاياغلاشتۇرغان چاغدا، مەن سىلىگە بىردىنبىر مىراسخور بولسام بولدى، شۇنداقتىمۇ مەن سىلىنىڭ قىيامەت قايۇم بولغۇچە ئۇمۇر كۆرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئالۋاستى ئاشۇ گەپلەر قىلىپ بولۇپ، بايلىقنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئارىدىن ئون يىل، يەنە ئون يىل ئۆتۈپتۇ. ئالۋاستى ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، ئۆزىنىڭ ئېسىل زېمىنىغا، راھەتلىك ماكانىغا قايتىپ كەپتۇ.

ئۇ كېلىپ قانداق ئېسىل مەنزىرىنى كۆرۈپتۇ دېمەمسىز؟ بارلىق ئالتۇن - كۈمۈشى شۇ پېتى تۇرغان؛ دۇنياخور بولسا ئالتۇن ساندۇقىقا يۆلەنگەن ھالدا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن، چاڭگىلىدا مەھكەم سىقىمدىۋالغان ئاچقۇچىمۇ بار تېخى! ئالۋاستى ئۇنىڭ تارىشىدەك قوللىرىدىن ئاچقۇچنى ئاپتۇ. بىر سىنت پۇل خەجلىمەيدىغان مۇنداق قاراۋۇلغا ئالۋاستى ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنمەيدۇ دەمسىز!

※ ※

ئەگەر دۇنياخور ئۆيغاق ۋاقتىدىمۇ، ئۇخلاۋاتقاندىمۇ ئالتۇننى ھېچكىمگە تۇتقۇزمايدىغان ئادەم بولمىغان بولسا، ئالۋاستى بايلىقنى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ساقلاشقا بەرمىگەن بولاتتى.



# شائىر ۋە زەردار

شائىر زەردار ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كېلىپ، تەڭرى زېۋىستىن ئۆزىگە يار ـ يۆلەك بولۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ. زېۋس ئىككى دەۋاگەرنى چاقىرتىپ ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى سورىماق بوپتۇ.

ئۇ ئىككىسى يېتىپ كەپتۇ. شائىر ئۆزى ناھايىتى ئورۇق، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، ئاياغلىرى پاسكىنا ئادەم ئىكەن. زەردار بولسا دۆلىتى زىيادە، ئۆزى ناھايىتى تەكەببۇر ئادەم ئىكەن.

— ھەي تەڭرىلەرنىڭ پادىشاھى، ئولۇمپۇس تاغلىرىنىڭ ھاكىمى، بۇلۇتلارنى ئىختىيارىچە تىزگىنىدە تۇتۇپ، چاقماقلارنى مەيلىچە ياندۇرالايدىغان ئۇلۇغ زېۋس! ماڭا رەھىم ـ شەپقەت قىلغايسەن، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ شائىر، — مەن زادى نېمە گۇناھ قىلغان، دەپ باققىنا، كىچىكىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە، جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىنچىلىق ئىچىدە زارلىنىپ يۈرۈپتىمەن، ئوت ياقاي دېسەم ئوتۇنۇم يوق، ئەقەللىي قوشۇق چاغلىق نەرسىگىمۇ ئىگە ئەمەسمەن. پەقەت خىياللارلا ماڭا بايلىق بولۇپ كەلدى! مېنىڭ بۇ رەقىبىمنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداقمۇ؟ ياق! گەرچە قورچاقچىلىك ئەقىل ـ پاراسىتى بولمىسىمۇ، ئۇ ھەر كۈنى ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرىدۇ، ئۇ ئوڭدا يېتىپ يەۋېرىپ ماڭالمىغۇدەك دەرىجىدە سەمرىپ كەتتى.

— سېنىڭ شېئىرلىرىڭ، — دەپتۇ زېۋس، — ھازىردىن





# كىرىلوف مەسەللىرى

تارتىپ بىر نەچچە يۈز يىلغىچە تارقىلىپ يۈرسە، بۇ سەن ئۈچۈن يەنە قىممىتى يوق ئىشمۇ؟ ئۇچۇ، ئۇ ئۆلىدۇ، كۆمۈلىدۇ (ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىنى قويۇپ تۇرايلى)، شۇ زامان نەۋرىلىرىمۇ ئۇنى ئۇنتۇيدۇ. ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، سىنىڭ تاللىۋالغىنىڭ ئۇلۇغ نام – شۆھرەت ئەمەسمىدى. مەن بۇ جاھانىنىڭ راھىتىنى ئۇنىڭغا بەرگەن، ئەگەر ئۇ شۇ كاللىسىنى ئىشلىتىپ، بۇنى پەرق قىلالىغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ نەقەدەر بىچارە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان، ئۆز تەقدىرىگە سەندىن بەتتەر زارلانغان بولاتتى.





# بۆرە بىلەن چاشقان

بىر كۈنى كۆل رەڭ بۆرە بىر قوينى سۆرەپ چەت بىر
بۇلۇڭغا ئاپىرىپتۇ. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ بۇ قوينى تەڭ تالىشىپ
يېگۈدەك بىرمۇ يېقىن ئاغىنىسى يوق ئىكەن. بۆرە ئۇ بىچارە
جانىۋارنىڭ قارنىنى يېرىپتۇ ـ دە، ناھايىتى ئاچ كۆزلۈك بى-
لەن گۆشكە ھۇجۇم باشلاپتۇ، ئۇستىخانلىرىنى غىرسىلدىتىپ
چايناپتۇ، لېكىن ھەر قانچە ئاچ كۆزلۈك قىلسىمۇ بۇ قويىنى
يەپ بولالماپتۇ. ئاخىر ئاشقان گۆشنى بىر چەتكە قويۇپ قو-
يۇپ، تاماقنى بولۇشىغا يەپ ئۆرە تۇرالماي قالغان كېچەش
ئەزاسىدەك، ئۆزىنى تاشلاپ دۇم يېتىپتۇ.

يېقىن ئەتراپتىكى بىر چاشقان گۆشنىڭ ھىدىنى پۇراپ
ئۇۋۇسىدىن چىقىپتۇ ـ دە، چۇمۇلە ئۇۋۇسىنى دەسسەپ، مۇخ
ۋە دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن ئاستا ئۆتۈپتۇ، ئاندىن كىچىك
بىر پارچە گۆشنى چىشلەپ ئۈزۈپ، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە
ئۇۋۇسىغا قېچىپ كىرىۋاپتۇ. بۆرە بۇ ئوغرىنى كۆرۈپ:

— ۋاي ئوغرى ! ساقچىلار، تېز كېلىڭلار ! ئوغرىنى
تۇتۇڭلار ! ۋاي، مېنى ۋەيران قىلدى، پۈتۈن مال ـ دۇنيايىم-
نى بۇلاپ كەتتى ! — دەپ ۋارقىراپ ئورماننى بېشىغا كى-
يىپتۇ.

※ ※





# كرىلوف مەسەللىرى

مەن شەھەردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىشنى كۆردۈم: بىر يانچۇقچى ئامانلىق ساقلاش ئەمەلدارى بولغان بىر كاتتا ئەربابنىڭ سائىتىنى ئوغرىلاپ كەتكەنىكەن، ئۇ ئەربابمۇ:

— ۋۇي، ئوغرىنى تۇتۇڭلار ! ۋۇي، مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار ! ۋۇي، ساقچى ! — دەپ ۋارقىرىغىنى تۇردى.





# ئىككى سەھرالىق

— ياخشىمۇ سىز، فادېيېۋ قۇدام!

— ياخشىمۇ سىز، ئىگور قۇدام!

— ھە، قەدىردانىم، يېقىندىن بۇيان ھال - ئەھۋالىڭىز قانداقىراق؟

— ھەي، بۇرادەر، بەلكىم بېشىمغا كەلگەن بەختسىزلىكتىن خەۋەر تاپمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. قىلغان گۇناھلىرىم كۆپ ئوخشايدۇ، خۇدايىم مېنى جازالىدى، كەپەم كۆيۈپ كەتتى، كۆيگەندىمۇ ھېچنېمىسى قالماي كۆيۈپ كەتتى، شۇڭا كىرگۇدەك ماكانىممۇ يوق.

— نېمە! كۆيۈپ كەتتى دەمسىز؟ ئەمىسە بەك يامان بوپتۇ.

— شۇنى دېمەمسىز! سىزمۇ بىلىسىز، مىلاد كۈنى ھەممىمىزنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ يەپ - ئىچىدىغان ئادىتىمىز بار. ئېتىمغا ئوت سېلىپ بېرەي دەپ پانارنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتىكەنمەن، غەرق مەستچىلىكتە بېشىم ئايلىنىپ پانارنى قولۇمدىن چۈشۈرۈۋېتىپتىمەن. ئۆزۈمغۇ جېنىمنى ئېلىپ قاچتىم، بىراق ئۆيۈم بىلەن ئېغىلىم پۈتۈنلەي كۆيۈپ كەتتى. خوش، ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالىچۇ؟

— ھەي، فادېيېۋ، مېنىڭمۇ گۇناھىم توشقان بولسا كېرەك، خۇدايىم جازالىدى. مەنمۇ ئارانلا يۈرۈپتىمەن. قاراڭ، پۈتۈممۇ ناكا بولدى، مانا. ھايات قالغىنىمغا ئۆزۈممۇ ھەيران، بۇ ئىشمۇ ئاشۇ مىلاد كۈنى بولغان. پىۋا ئالىمەن دەپ چى-





قىپتىمەن. ئاغىنىلەر بىلەن قاتتىق ئىچىۋەتكىنىمگە ئۆزۈمۈ ئىقرار، غەرق مەست ھالەتتە پانار كۆتۈرۈپ يۈرۈش خەتەرلىكقۇ دەپ ئويلاپ، ئۆزۈمچە پانارنى ئۆچۈرۈۋېتىپتىمەن. بۇنداق بولۇشىنى نەدىن بىلەي، قاراڭغۇدا نېمىكىن، ھەقىچان جىنغۇ دەيمەن، گەمىگە كىرىپ كېتىۋاتسام شۇنداق بىر پۇتلىغاندەك قىلدى، گۈپپىدە يىقىلىپتىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆرە بولالمىدىم. مانا قاراڭ، شۇنىڭدىن بېرى پۇتۇم كارغا كەلمەيدۇ.

— بەس، — دەپتۇ ستېپان ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — سىلەر ھاراقتىن بېرى بولالمىغاندىكىن گۇناھنى ئۆزۈڭلارغا قويساڭلار بولغۇدەك. ئىككىڭلار ئوخشاش زىيان تارتىپسىلەر: بىرىڭلار ئۆيۈڭلارنى كۆيدۈرۈپسىلەر، يەنە بىرىڭلار بولسا ھاسا تاياقنى قارغاپ يۈرىسىلەر، ماڭا بۇ قىلچىمۇ ئەجەبلىنەرلىك بىلىنگىنى يوق. مەست ئادەم پانار بىلەن ھەپىلەشسە بېشىغا بالا تېرىيدۇ، قاراڭغۇدا ئۇنىڭغا تېخىمۇ پېشكەلچىلىك تۇغۇلىدۇ، دېگىنە.



# مۈشۈك بىلەن جىگدىچى قۇش

قەپەستە بىر جىگدىچى قۇش بار ئىكەن. ئۇ ناخشىدا تايىنلىق بولغىنى بىلەن، مۇتەپەككۇرلۇقتا خېلى - خېلى ئۇلۇغلاردىن قېلىشمايدىكەن. جىگدىچى قۇش بىر مۈشۈك بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتىدىكەن. بۇ مۈشۈك رەسمىي چوڭ مۈشۈك بولۇپ، ئۆزى ناھايىتى مۇلايىم ۋە ئېغىر - بېسىق ئىكەن.

بىر كۈنى، ئىگىسى مۈشۈككە تاماق بېرىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. بىچارە مۈشۈك ئاچقان قورسىقىنى بەزلەش ئۈچۈن، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپتۇ. مويلۇق قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، زارلىنىپ مىياڭلاپتۇ. بۇ جىگدىچى قۇشقا ۋەز ئوقۇيدىغان تازا ئوبدان پۇرسەت بوپتۇ.

— دوستۇم، — دەپتۇ ئۇ، — يەيدىغان نەرسە يوق دەپ مۇشۇنداقمۇ تولغىنىپ كېتەمسەن، تازىمۇ كالتە پەم مۈشۈك ئىكەنسەن. قەپەستىكى سەۋە قۇشى تومشۇقۇڭنىڭ تۈۋىدىلا تۇرمامدۇ! راست، ھەممەيلەن بىلىدۇ، سەن بەكمۇ سەممىي، ياۋاش مۈشۈك. سەن ئىنساپلىق بولۇش كېرەك دەيسەن، شۇنداققۇ؟ بۇ سېنىڭ جاھان كۆرمىگەنلىكىڭدىن دېيىلىۋاتقان گەپ. ساڭا دەپ قوياي، ئىنساپ دېگەن قۇرۇق گەپ. پەقەت ئىرادىسى ئاجىزلارلا ئىنساپ - ئىنساپ دەپ تىترىشىپ كېتىدۇ. سەندەك، مەندەكلەر ئۈچۈن ئىنساپ دېگەن يوقىلاڭ نەرسە، پۈتۈنلەي يوقىلاڭ نەرسە. قەيسەرلەر ھەر قانداق ئىش قىلسىمۇ خاتا بولمايدۇ، مەن ساڭا يەنە باشقا دەلىل - ئىسپاتلارنى كۆرسىتىشىم مۇمكىن، ئېنىق مىساللارنىمۇ ئېلىپ





بىرەلەيمەن.

جىگدىچى قۇش ئۆزىنىڭ دىگەنلىرىنى جانلىق ۋە كۇچلۇك
دەلىللەش ئۇچۇن، قەدىمكىلەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىنمۇ
بىر تالاي نەقىل كەلتۇرۇپتۇ. ئاچ مۇشۇك ئۇنىڭ پەند ـ نە-
سىھەتلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئاڭلاپ، ئاخىر سەۋە قۇ-
شىنى يەۋېتىپتۇ. بۇ تائام گەرچە مۇشۇككە ناھايىتى ئېتىغان
بولسىمۇ، لېكىن قورساق ئاچلىقىنى ھەل قىلالماپتۇ، ئەكسى-
چە ئۇنىڭ ئىشتىھايىنى تېخىمۇ ئېچىۋېتىپتۇ. مۇشۇك جىگ-
دىچى قۇشنىڭ تەلىمىنى كاللىسىدا يەنە بىر قېتىم مۇلاھىزە
قىپتۇ، لېكىن بۇ قېتىم ئۇنىڭ مۇلاھىزىسى ناھايىتى چوڭ-
قۇر بوپتۇ، ئۇ جىگدىچى قۇشقا:

ــ دەر ھەقىقەت، ناھايىتى توغرا دەپتىكەنسەن، سېنىڭ
تەلىمىڭنى ئەمدى تېگى ـ تەكتىدىن چۈشەنگەن ئوخشايمەن، ــ
دەپتۇ ـ دە، قەپەسنى چېقىپ، ئۆزىنىڭ كۆيۈمچان ئۇستازى-
نىمۇ بىراقلا يەۋېتىپتۇ.







# ئىككى ئىت

ئۆمۈر بويى خوجايىنىنىڭ هويلىسىغا قاراپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان ۋاپادار ئىت بىر كۈنى ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان كۆرۈشمىگەن دوستىنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. ئۇنىڭ دوستى بۇدۇر يۇڭلۇق پىستە ئىكەن. هويلا ئىتى ئۇنى دېرىزە ئالدىدىكى يۇمشاق چۈشەكتە كۆرۈپ، خۇددى بىر تۇغقان ھەمشىرىسىنى كۆرگەندەك، شاد-لىنىپ كۆزىگە ياش ئاپتۇ، غىڭشىپ بوش قاۋاپتۇ، تامغا ئې-سىلىپ - يامىشىپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ كېتىپتۇ.

— ھەي، قەدىرلىك دوستۇم، — دەپتۇ ئۇ، — خوجايىن سېنى قەسرىگە ئەكىرىپ كەتكەندىن بۇيان، سەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ناھايىتى ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانسەن - ھە؟ بىز بولساق خۇددى سەن كۆرگەندىكىدەك، ھويلىدا ئېچىرقاپ يۈ-رۈپتىمىز، ھازىر سېنىڭ ئىش - ئوقىتىڭ نېمە بولۇۋاتىدۇ؟

— ئەھۋالىمدىن زارلانسام كۇپۇرلۇق بولىدۇ، — دەپتۇ پىستە جاۋاب بېرىپ، — مەن خوجايىنىمنىڭ بىردىنبىر ئە-تىۋارلىقى. باياشاتچىلىق ئىچىدە ياشاپ يۈرۈپتىمەن، يالاقلى-رىممۇ كۈمۈشتىن. خوجايىنىمنىڭ تىزىدىن چۈشمەي ئويناي-مەن، زېرىكسەم ساپادا، پولدا ئېغىنايمەن، شۇنىڭ ئۆزىمۇ قالتىس راھەت. خوش، ئۆزۈڭنىڭ كۈنلىرى قانداق ئۆتۈۋاتى-دۇ؟

— مېنىڭمۇ؟ — دەپتۇ ۋاپادار ئىت قۇيرۇقى سالپاي-غان، تۇمشۇقى يەرگە تىرىلىپ قالغان ھالدا، — ئىككىمىز-





# كىرىلوۋ مەسەللىرى

نىڭ كىچىك ۋاقتىدىكىگە ئوخشاشلا ئاچ - توق قېلىپ، تو-
ڭۇپ - تىترەپ يۈرۈپتىمەن، ئىشىم يەنە خوجايىنىنىڭ هوي-
لىسىنى ساقلاش. هويلىدا ئوچۇقچىلىقتا ياتىمەن، يامغۇر
ئۇستۇمنى چۆپ - چۆپ سۇ قىلىۋېتىدۇ، بەزىدە قاۋاپ
قويسام يا پەشۋا، يا توقماق كاللامدا تەييار ! ئۆزۈڭنىڭ جۇ-
غىمۇ كىچىك هەم ئاجىز، پەۋقۇلئاددە بىر تەرپىڭمۇ يوق،
شۇنداق تۇرۇقلۇق ئەرشىئەلادىكىدەك ياشاۋاتىسەن، مەن بولسام
جېنىمنىڭ بارىچە ئىشلەۋاتىمەن، جاپانىمۇ تارتىۋاتىمەن، لې-
كىن مەن كۆرىدىغان راهەت نەدە؟ بولدىلا، ئۆزۈڭنىڭ ئىش -
ئوقىتىڭ زادى نېمە بولۇۋاتىدۇ؟

— مېنىڭ ئىش - ئوقىتىممۇ؟ — دەپتۇ پىستە ئۇنى
مەسخىرە قىلغاندەك، چىشلىرىنى كۆرسىتىپ هىجىيىپ قو-
يۇپ، — قالتىس ! ئېنىقىنى دەپ بېرەيمۇ، مېنىڭ ئىش -
ئوقىتىم كەينى پۇت بىلەن مېڭىش !

نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ راهەت - پاراغەت ئىچىدە ياشايدىغان-
لىقىنىڭ سەۋەبى باشقا ئەمەس، ئۇلار پەقەت ئاشۇ ئىتقا ئوخ-
شاش كۇچۇكلىنىشنىلا بىلىدۇ.





# مۇشۈك بىلەن بۇلبۇل

بۇ مەسەل ئەينى ۋاقىتتىكى كىتاب - ژۇرنال تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن يېزىلغان.

مۇشۈك بۇلبۇلنى تۇتۇۋېلىپ چاڭگىلىدا شۇنداق سىققانىكەن، بىچارە قۇش قورقۇنىدىن غۇژمەكلا بولۇپ قاپتۇ.

— ئەي قەدىرلىك قۇشۇم، — دەپتۇ ئۇ بۇلبۇلنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — ئاڭلىسام ھەممە ئادەم سېنىڭ ناخشاڭنى ماختايدىكەن، سېنىڭ ناخشاڭ ئەڭ ئېسىل كۈي - ناۋادىنمۇ قېلىشماسمىش. قەدىنىسىم تۈلكىنىڭ گېپى ئاساسسىز بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، سېنىڭ ئاۋازىڭ تۇغما ياخشى ھەم يېقىملىق، ھەم مۇڭلۇق دەيدۇ، ئادەملەر يېقىملىق ناخشاڭنى ئاڭلىسا، مەيلى پادىچى بولامدۇ، مەيلى چوپان قىز بولامدۇ، ھەممىسىلا مەپتۇن بولۇپ، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويارمىش. ناخشاڭنى مېنىڭمۇ بەك ئاڭلىغۇم بار. تىترىمە دوستۇم، مەقسىتىمنى خاتا چۈشىنىپ قالما ! سەن مېنى يەۋېتىدىغان بولدى دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ ئۇنداق ئىش يوق. ماڭا ناخشا ئېيتىپ بەرسەڭلا بولدى. مەن سېنى قويۇۋېتىمەن، ئورماندا ئۇ دەرەختىن، بۇ دەرەخكە ئۇچۇپ ئەركىن ئويناپ يۈرسەن ! ئەمدى ناخشىغا كەلسەك، بىلىشىڭ كېرەككى، مېنىڭمۇ ساڭا ئوخشاشلا ھەۋىسىم بار، مەنمۇ دائىملا ئەللەي ناخشىسىنى غىڭشىپ ئۇيقۇغا كېتىمەن.

بىراق، بىچارە بۇلبۇل مۇشۈكنىڭ چاڭگىلىدا غال - غال تىترەپ، ھەتتا نەپەسمۇ ئالالماي قاپتۇ.



— ھەي، مەن ساقلاپ تۇراي، قېنى، — دەپتۇ مۈشۈك، — ۋۇي، نېمە بولدۇڭ؟ ئېيتقىن، سۆيۈملۈكۈم، قىسقىراقىدىن بولسىمۇ بىرەرنى ئېيتىپ بەر.

بىراق، بۇلبۇل ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالغانلىقتىن ناخشا ئېيتالماي چىرىلداپ كېتىپتۇ.

— سەن تېخى مۈشۈنداق سەت چىرىلدىشىڭ بىلەن پۈتكۈل ئورماننى ئاغزىمغا قارىتىمەن دەپ ئويلامسەن؟ — دەپتۇ مۈشۈك مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — خەقلەر ئۇنداق ياڭراق، مۇنداق سۈزۈك دەپ ماختاپ كەتكەن ئاۋازىڭ قېنى؟ مەن ئەقەللىي ئاسلاننىڭمۇ مۇنداق سەت چىرقىرىشىغا چىداپ تۇرالمايمەن! سېنى ئاغزىمغا سېلىپ باقسام تەمىڭ قانداقراق بولاركىن، سىناپ باقاي.

شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ ئۇ بىچارە ناخشىچىمىز مۈشۈككە پاك ـ پاكىز يەم بوپتۇ.

يېقىنراق كېلىڭلار، ئۇنىڭ گالغا كىرىپ كېتىۋاتقان چاغدا پىچىرلاپ ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلىۋالايلى: «مۈشۈكنىڭ چاڭگىلىدىكى بۇلبۇل ھەرگىز سايرىيالمايدۇ».







# بېلىقلارنىڭ ئۇسسۇلى

ئورمانلارغىمۇ، كۆل ـ دەريالارغىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان شىر پادىشاھ ھايۋانات ئەھلىنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ، بېلىقلارغا ھاكىم سايلىماقچى بوپتۇ. قانۇن بويىچە ھەممە ھايۋانات سايلامغا بېلەت تاشلاپ، نەتىجىدە تۈلكىنىڭ بېلىتى ئەڭ كۆپ بولۇپ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈلكە بېلىقلارنىڭ ھاكىمى بولۇپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ سەمرىپ تىقىلىدىغان پۇرسەت كەپتۇ.

تۈلكىنىڭ ئىشەنچلىك بىر دوستى بار بولۇپ، ئۇ بىر سەھرالىق نادان كىشى ئىكەن. ئۇ ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ بىر پىلان تۈزۈپتۇ، تۈلكە مۇنبەرگە چىقىپ ھۆكۈم ئېلان قىلىۋاتقان چاغدا، دوستى بىر چەتتە بېلىقلارنى ئالداپ قارماققا ئىلىندۇرماقچى، ئاندىن ئىككىسى غەنىيمەتنى تەڭ بۆلۈشمەكچى بوپتۇ.

ۋەھالەنكى، مۇنداق كاززاپلارنىڭ قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلماي ئەركىن يايراپ يۈرۈۋېرىشى مۇمكىن ئەمەسقۇ. ئاخىر بەزى غەلىتە گەپ ـ سۆزلەر شىر پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ ھاكىمنى ئادىل ئىش قىلمايۋاتقان بولسا كېرەك دەپ گۇمانلىنىپتۇ، شۇڭا مۇۋاپىق بىر پەيتنى تېپىپ، شەخسەن ئۆزى شۇ يەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ باقماقچى بوپتۇ.

* بۇ مەسەل چارروسىيە پادىشاھى ئالېكساندىر I خىزمەت تەكشۈرۈشكە چىققان ۋاقىتتا يېزىلغان، بۇنىڭدا پادىشاھنىڭ كۆرۈنۈشتە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى نازارەت قىلىپ قويغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ خەلقنى داۋاملىق ئېزىشىگە يول قويىدىغانلىقى پاش قىلىنغان.





# كرىلوف مەسەللىرى

شىر پادىشاھ قىرغاق بويلاپ كېلىۋاتقان چاغدا ھېلىقى
نادان سەھرالىق بىر مۇنچە بېلىقلارنى دۆۋىلەپ، ئۆزى بىلەن
تۈلكىگە زىياپەت راسلاش ئۈچۈن ئوتنى ئۇلۇغ يېقىپ ئولتۇر-
غانىكەن. قازانغا سېلىنغان بېلىقلار ھەدەپ سەكرەپ - تېپىر-
چەكلەيدىكەن، باشقا بېلىقلارمۇ ئۆز كۈنىنىڭ ئاز قالغانلىقىغا
كۆزى يېتىپ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە تېپىرلىشىدىكەن.

— ئۇ كىم؟ سەن نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ
ھۆركىرەپتۇ شىر تۈلكىگە قاراپ.

— ھەي، شەپقەتلىك پادىشاھىم، — دەپ تۈلكە ئالدىراپ
جاۋاب بەرگىلى تۇرۇپتۇ (تۈلكە دېگەن ھەر قانداق جىددىي
ئەھۋالدىمۇ كاللا ئىشلىتىپ بىر ھىيلە - مىكىر تاپالايدىغان
نەرسىغۇ)، — شاپائەتلىك شاھىم، ئۇ مېنىڭ مۇدىر كاتىپىم
بولىدۇ. ئۇ ناھايىتى ھالال ۋە لىللا بولغاچقا، جامائەتنىڭ
مەدھىيىلىشىگە سازاۋەر بولغان. ئاۋۇ كىچىك كارپ بېلىقلىرى
كۆلنىڭ ئاھالىلىرى بولىدۇ. بىز ھەممىمىز بۈگۈن شاھ ھەز-
رەتلىرىنى قارشى ئالغىلى چىققان، چۈنكى ئۆزلىرىنى كېلىپ
قالارمىكىن دەپ ئويلىۋىدۇق.

— قانداق، پۇقرالىرىم رازىمۇ؟ يۇرتنى ئادىل سوراۋاتقاند-
سەن؟

— ھەي، شەپقەتلىك شاھىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەننەت-
تىكىدەك ياشاۋاتىمىز دېيىشىدۇ، ئۇلار پەقەت شاھ ھەزرەتلى-
رىنىڭ تۈمەن مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشىنىلا ئارزۇ قىلىدۇ.

بۇ چاغدا قازاندىكى بېلىقلار بەك سەكرىشىپ كېتىپتۇ.

— ئۇلار باش - قۇيرۇقلىرىنى نېمانداق غەلىتە پۇلاڭلىد-
تىدۇ؟

— ئەي، دانا پادىشاھىم، — دەپتۇ تۈلكە، — ئۇلار



ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى قىزغىن سۆيىدىغان شاھ ھەزرىتىمنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شىر پادىشاھ ئىلتىپات كۆرسەتكەندەك ھاكىمنىڭ مەيدىسىنى يالاپ قويۇپتۇ - دە، ئاندىن بېلىقلارنىڭ ئۇسسۇلىغا بىر قاراپ قويۇپ كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قاپتۇ①.



① بۇ ئاخىرقى ئابزاس ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىدا مۇنداق ئېلىنغان: «نومۇسسىزلىق بىلەن قىلىنغان بۇ يالغانچىلىققا شىر پادىشاھ پەقەت تاقەت قىلالماپتۇ. بېلىقلارنىڭ تېخىمۇ ئوبدان ئۇسسۇل ئويننىشىغا تەڭكەش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ھاكىم بىلەن كاتىپنىڭ گېلىدىن بوغۇپ، ئۇلارنى مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىشقا مەجبۇر قىلىپتۇ.» بۇ ئەينى ۋاقىتتا سېنزور تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن مەزمۇن بولۇپ، كرىلوفنىڭ بۇ مەسىلىنى يېزىشتىكى مۇددىئاسىغا تامامەن زىت.

# باشقا بىر دىنىي رايوندىن كەلگەن ئادەم

بەزى تەنقىدچىلەر بار، ئەگەر ئۇلار سىنىڭ دوستۇڭ بولسا، سەن ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بەدىئىي زوق بېغىشلايدىغان ئۇلۇغ تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىسەن. لېكىن، شۇنداقمۇ شائىرلار باركى، مەيلى سەن ناخشىنى ھەرقانچە ياخشى ئېيتقان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن شۆھرەت گۈل تاجىسى تەقدىم قىلارمىكىن دەپ تەمە قىلمىساڭ بولىدۇ، ئۇلار ھەتتا سىنىڭ ماختىغۇدەك قابىلىيىتىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتىنمۇ قورقىدۇ.

مېنىڭ تەنقىدچىلەردىن ئەمگىكىمنى ماختاپ قويارمىكىن دەيدىغان تەمەيىم يوق، ئەكسىچە بۇ مەسەلىمدە ئۇلارغا بولغان كۆز قارىشىمنى شەرھلەپ ئۆتمەكچىمەن.

بىر پوپ بار ئىكەن (زوۋاندارلىقتا ھەقىقەتەنمۇ ئەپلاتوننىڭ شاگىرتى دېيىشكە ئەرزىگۈدەك كىشى ئىكەن). بىر كۈنى ئۇ چېركاۋدا ئۆزىنىڭ جامائىتىگە رەھىمدىللىق، ھالاللىق ۋە گۈزەل پەزىلەت توغرىسىدا ۋەز ئوقۇپتۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى ھەسەلدەك لەززەتلىك ئىكەن، ئابھاياتتەك جانغا جان قوشىدىكەن. ئۇنىڭ يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجاندەك دانە - دانە قىلىپ سۆزلىگەن ھېكمەتلىرى جامائەتكە خۇددى جەننەتتىن كېلىۋاتقان ۋەھىيدەك ئاڭلىنىدىكەن. ئۇ پانىي ئالەمنىڭ پاسىقلىقى ۋە بارلىق خام خىياللارنىڭ بىھۇدىلىكىنى ئىزھار



قىلىپ ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ۋەزى ئاياغلاشقاندا جامائەت يەنە سۆز تۈگىمىگەندەك شۈك تۇرۇشۇپتۇ، قەلبى خۇداغا تەلپۈنۈپ تۇرغانلىقتىن ناھايىتى تەسىرلىنىپ كۆز يېشىمۇ قىلىشىپتۇ.

جامائەت چېركاۋدىن كەلكۈن سۇدەك دەۋرەپ چىقىۋاتقاندا، ئۆزلىرىنى خۇددى خۇدانىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلىشىپتۇ ۋە يولدا كېتىۋېتىپ بىر - بىرىگە: «ۋاھ، نېمىدېگەن سۆزگە ئۇستا ئادەم، سۆزلىرى نېمىدېگەن پاساھەتلىك، نېمىدېگەن قىزغىن !» دېيىشىپتۇ.

— ئۇ ھەممىمىزنىڭ قەلبىگە دىيانەت ئۇرۇقىنى سالدى، — دەپتۇ بىر كىشى، — لېكىن سەن، قوشنام، غەلىتىلىغۇ، يۈرىكىڭ تاشمۇ نېمە، باشتىن - ئاخىر كۆزۈڭدىن بىر تامچىمۇ ياش چىقمىدى، چۈشەنمىدىڭمۇ يا؟

ئەلۋەتتە، چۈشەندىم. لېكىن، مەن شۇ پوپ ئۈچۈن يىغلايمەنمۇ؟ ياق، ھەرگىز يىغلىمايمەن، چۈنكى مەن باشقا بىر دىنني رايوندىن كەلگەن.







## قاغا

ئەگەر تەنھالىقنىڭ دەردىنى تارتىپ قالماي دېسەڭ، يۇقىرىغا ياماشماي ئۆز مەرتىۋەڭگە شۈكۈر قىل. ئەگەر سەن ئەسلىدىلا پاكار تۇغۇلغانىكەنسەن، بولدى، ئېگىزلەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ ئۆزۈڭنى ئېگىز كۆرسىتىمەن دېيىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق.

※ ※

بىر قاغا قۇيرۇقىغا گۈزەل توز پەيلىرىنى قاداپ، گىدەيگەن ھالدا توزلارنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىمنى ئالداپ كېتەلەيمەن، ئۇلار گۈزەل پەيلىرىمدىن كۆزلىرىنى ئالالماي قالىدۇ، دەپ ئويلىغانىكەن، تېخى توزلاردىن ئۆزىنى يېڭى تېپىۋالغان ھەمشىرىسى ئورنىدا كۆرۈپ، ھەتتا ئۆيۈمگىچە ئۇزىتىپ قويىدۇ، دېگەن تەمەنىمۇ قىلغانىكەن، قىسقىسى، ئەمدى ئۇ ئۆزىنى ئۇلۇغ خان ئوردىسىغا لايىق مەرتىۋىگە يەتتىم دەپ ئويلاپتۇ.

لېكىن، ئۇنىڭ شۆھرەتۋازلىق بىلەن تولغان بۇ بىمەنە خىياللىرى نېمە ئاقىۋەت ئېلىپ كەپتۇ دېمەمسىلەر؟

توزلار تۇشمۇ تۇشتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ تېرىۋالغان ئېسىل نەرسىلىرىنى تارتىۋاپتۇ؛ ئۇ چوقۇۋاتقان توزلارنىڭ ئارىسىدىن قېچىپ چىققاندا، قادىۋالغان ھېلىقى توز پەيلىرى بىر ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۆزىنىڭ تۈكلىرىمۇ يۇلۇنۇپ بىر يەرگە بارغانىكەن.







# كرىلوف مەسەللىرى

ئۇ ئەمدى قاغىلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلاي دەپتىكەن، قىيا-
پىتى غەلىتە بولۇپ كەتكەچكە، قاغىلار ئۇنى تونۇماپتۇ، ئارد-
غىمۇ ئالماپتۇ، ھەتتا قىپقالغان بىر نەچچە تال پېيىنىمۇ
چوقۇپ يۇلۇۋېتىپتۇ. ئەمدى بۇ قاغا قانداق قىلسۇن، مانا بۇ
نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتى ! ئۇ ئەمدى قاغىمۇ بولالمايدىغان بولۇپ
قاپتۇ؛ ئەمىسە توز بولامدۇ؟ ياق، ھەرگىز بولالمايدۇ !

※ ※

مەن مۇشۇ مەسەلنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىدىغان بىر
كىچىك ھېكايىنى دەپ بېرەي: مىلىچمالچىنىڭ قىزى ماتىلد-
نا: «بەش يۈز مىڭ دوللار دېگەن جىق پۇل، مۇشۇنچە پۇللۇق
قىزلىق بىسات بىلەن بارىمەن دېسەم، ئاق سۆڭەكلەردىن مېنى
ئالىدىغانلار جىق چىقامدۇ !» دەپ، ئۆزىچە بىر پىلان تۈزۈپتۇ
ۋە بىر ئاق سۆڭەككە ياتلىقمۇ بوپتۇ. لېكىن، ئاقىۋىتىچۇ؟
ئېرىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى ئۇنى: «سەن
دېگەن ياماق سېسىقى پۇرايدىغان چاكىنا ئېلىپساتارنىڭ
قىزى !» دەپ مازاق قىپتۇ. ئىگىچە - سىڭىللىرى بولسا ئۇ-
نى پۇل - مالنى كۆزلەپ ئېگىز دەرەخكە ياماشتى دەپ ئەيىب-
لەپتۇ. بىچارە ساددا ماتىلدىنامۇ ئاشۇنداق يا توز، يا قاغا
بولالمايدىغان ئاقىۋەتكە چۈشۈپ قاپتۇ.





# شىر قېرىدى

ئورماننى زىلزىلىگە سالىدىغان شىر پادىشاھ قېرىپ كۈچ ـ مادارى قالماپتۇ، قوللىرى بىر نېمە تۇتالماس بولۇپ قاپتۇ، ئۆتكۈر چىشلىرى چۈشۈپ كېتىپتۇ، پۇتلىرى تىترەپ يول ماڭالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپتۇ. ھەممىدىن يامان بولغىنى قولۇم ـ قوشنىلىرى (ئەمدى شىرنىڭ غەزىپىدىن قىلچە قورقماي) بۇرۇن ئۇنىڭدىن تارتقان ئەلەمنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن، تۇشمۇتۇشتىن غەزەپ بىلەن كېلىپ ئۇنى ئەدەپلىگەنلى تۇرۇپتۇ.

ئات كېلىپ ئۇنى غەزەپ بىلەن تېپىپتۇ، بۆرە كېلىپ چىشلەپتۇ، كالا كېلىپ ئۆتكۈر مۈڭگۈزى بىلەن نەلەرگىدۇر ئۇسۇپتۇ.

بىچارە شىر پادىشاھ غەزەپكە كەلسىمۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي، بېشىغا كېلىۋاتقان بالايىئاپەتنىڭ ئەمدى بىر يوللا ئاياغلىشىشىنى كۈتۈپ، پىغان بىلەن ئىڭراپ پەرياد ئۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ئېشەك مەيدىسىنى كېرىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەپمەكچى بولۇپ تۇرغانىكەن، شىر نالە قىلىپ:

— ئاھ، خۇدا ! مۇشۇ ھاقارەتلىك پەشۋا ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن تېنىمگە تەگكۈچە، ماڭا شىرلارغا خاس مەردانە ئۆلۈمنى ئاتا قىلغايسەن، ئەزرائىل ئۆزى كېلىپ ئەڭ دەھشەتلىك ئۇسۇل بىلەن جېنىمنى ئالسىمۇ مەيلى. ئېشەكنىڭ خورلىشى ماڭا ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر ! — دەپتۇ.





# شىر، بۆكەن ۋە تۈلكە

شىر توقايلىقتا بۆكەننى قوغلاپ تۇتۇۋالاي دەپ قاپتۇ، ئۇ ئاچ كۆزلىرىنى بۆكەنگە تىككىنىچە ئەمدى راسا مەززىلىك تا- ئامغا ئېرىشىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپتۇ.

بۆكەنمۇ ئەمدى ئۆلىدىغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپتۇ، چۈنكى ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان ھاڭنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ قالغانىكەن. لېكىن، بۇ چەبدەس بۆكەن جېنىنىڭ با- رىچە بىر سەكرەپتىكەن، خۇددى ساداقتىن ئاجرىغان ئوقتەك، ۋىژژىدە قىلىپ نېرىقى قاتقا ئۆتۈپ قاپتۇ، ئاندىن ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ دۈشمىنىگە قاراپ قويۇپتۇ.

شىر ئەمدى قوغلاشنى توختىتىپتۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ بىر دوستى ئەتراپتا پىرقىراپ يۈرگەنىكەن، ئۇنىڭ بۇ دوستى تۈلكە ئىكەن.

— بۇ نېمە ئىش! — دەپتۇ تۈلكە، — شۇنداق قۇد- رەتلىك، چاققان، چەبدەس تۇرۇپ ئاشۇ ئاجىز بۆكەننىڭ كۆل- كىسىگە قالدىڭمۇ! قىلايلا دېسەڭ، ھەر قانداق چاغدا نى - نى ئىشلارنى قىلىۋېتەلەيتتىڭغۇ؟! ھاڭ يوغان بولغان بىلەن، ئۆتمەن دېسەڭ، بىر سەكرەپلا ئۆتۈپ كېتەلەيسەن. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن ساڭا ئاغىنە، راست گەپ قىلىمەن. ئەگەر سې- نىڭ شۇ قەدەر قۇدرەتلىكىڭنى، چاققانلىقىڭنى بىلمىگەن بولسام، سېنى ھەرگىزمۇ بۇ تەۋەككۇلچىلىككە دەۋەت قىلمى- غان بولاتتىم.

تەئەددىمۇ، خۇشامەتمۇ يېغىپ تۇرغان بۇ سۆزلەردىن كال-



لىسى قوداڭشىغان شىر پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ھاڭدىن سەكرەپتۇ. ئەپسۇسكى ! بۇ ھاڭ ئۇ سەكرەپ ئۆتەلەيدىغان ھاڭ ئەمەس ئىكەن، شۇڭا ئۇ بىراقلا ھاڭغا غۇلاپ ئۇستىخانلىرى پارە - پارە بولۇپ كېتىپتۇ.

شىرنىڭ ئىشەنگەن دوستى نېمە قىپتۇ دېمەمسىلەر؟ ئاۋايلاپ تاغدىن چۈشۈپتۇ. ھەر قانداق چاغدا شىر پادىشاھتىن ھەزەر ئەيلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلىدىغان تۈلكىگە ئەمدى ھېچقانداق توسالغۇ بولماپتۇ، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا دىققەت قىلماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىرنىڭ ئىشىنى توغرىلاپتۇ، بىر ئايغا قالمايلا ئۇنى پاك - پاكىز يەپ تۈگىتىپتۇ.



# دېھقان بىلەن ئات

دېھقان ئېتىزىغا سۇلۇ ئۇرۇقى چېچىۋاتقانىكەن، بىر قۇلۇن ئات ئۇنىڭغا قاراپ نارازىلىق بىلەن سۆزلەپتۇ:

— ئەپەندىم، قولىڭىزدا شۇنچە جىق سۇلۇنىڭ تۇرغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى ئىشقۇ! ئادەملەرنى ئاتتىن كۆپ ئەقىللىق دېيىشىدىكەن، بىراق دۇنيادا بۇنىڭدىن بەتتەر ئەخمىقانە ئىش بولمايدىغۇ!؟ كۈن بويى تەرلەپ - پىشىپ ئىشلەپ يەرنى ئاغدۇردىڭىز، ئەمدى سۇلۇ ئۇرۇقىنى قارىغۇلارچە يەرگە چېچىۋاتىسىز. ئۇنىڭدىن كۆرە شۇ سۇلۇنى ماڭا ياكى تورۇق ئاتقا بەرسىڭىز ياخشى بولماسمىدى! ھېچبولمىغاندا مېكىيانغا بەرسىڭىزمۇ كاشكى، ئۇ ھالدا ئىش جايىدا بولىدى، دەپ ئېتىراپ قىلغان بولاتتىم. ئەگەر، ئۇنداق قىلماي سۇلۇنى ئامبارغا قاچىلىۋالغان بولسىڭىز، سىزنى پەسلىك قىلدى دېيىشكە بولاتتى. ۋەھالەنكى، سىز سۇلۇنى يەرگە چاچقىلى تۇردىڭىز، مەن مۇنداق ئەخمىقانىلىكنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

كۈز كەپتۇ، چېچىلغان سۇلۇ ئۇرۇقلىرى مول ھوسۇل بېرىپتۇ. دېھقان ئېتىنى مۇشۇ سۇلۇلار بىلەن بېقىشقا باشلاپتۇ.

※ ※

شەك - شۈبھىسىزكى، كىتابخانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئاتنىڭ كۆز قارىشىنى رەت قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، نادانلىق تۇپەيلىدىن بەزى كىشىلەر ياراتقۇچىنىڭ مەقسىتىنى، نىيەت -



ئىقبالىنى، دانا تەدبىرىنى چۈشەنمەي كېلىۋاتىدۇ، قەدىمدىن تارتىپ بىزنىڭ زامانىمىزغىچە بۇنداق ئىشلارنى زاڭلىق قىلىدىغان ئىشلار تېخى تۈگىگىنى يوق.



# چاقنى ئايلىنىپ يۈگۈرگەن تىيىن

يەكشەنبە كۈنى، يېزىلىقلار زېمىندارنىڭ دېرىزىسى تۈۋىدە چاقنى ئايلىنىپ پىرقىراۋاتقان تىيىننىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپتۇ. بۇ چاغدا بىر سۇرەتقاشمۇ شۇ يەردىكى ئاق قېيىنىنىڭ ئۈستىدە تاماشا كۆرۈپ تۇرغانىكەن. تىيىن تۈكلۈك قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، ئاياغلىرىنى شۇنچىلىك تېز يۆتكەپتۇكى، سۇرئىتىگە شامالمۇ تەڭ كېلەلمەپتۇ.

— بۇرادەر، — دەپتۇ ئۇنىڭغا سۇرەتقاش، — نېمىگە مۇنچە تېنەپ كېتىۋاتىسەن؟

— نېمىگە تېنەيتتىم دەيسەن، ئوبدان دوستۇم، ماڭا بېگىمگە چاپارمەنلىك قىلىدىغان خىزمەت تېگىپتىكەن، بىر نېمە يەۋېلىشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالماي، ئارامىمۇ ئالالماي مۇشۇنداق ئالدىراپ ئىشلەپ يۈرۈپتىمەن! — تىيىن گېپىنى تۈگىتىپتۇ ـ دە، سۇرئىتىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، يېڭىۋاشتىن يۈگۈرۈشكە چۈشۈپتۇ. سۇرەتقاش كېتىدىغان چېغىدا تىيىنغا مۇنداق دەپتۇ:

— كۆردۈق، يۈگۈرۈيسەن ـ يۈگۈرۈيسەن، لېكىن دېرىزە تۈۋىدىن نېرى كېتەلمەيسەن!

※ ※

كۆپچىلىك، دىققەت قىلىپ قويۇڭلار، شۇنداقمۇ تېجىمەل

---

* بۇ ئەسەر 9 ـ جىلدتىكى ئىككىنچى ئەسەر ئىكەن. ئىنگلىزچە تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھاتىغا ئاساسەن سەككىزىنچى جىلدتىكى تۆتىنچى ئەسەر قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.



ئەخمەقلەر بار، تېخى ئۇلار ئۆزلىرىنى كاتتا ئەرباب چاغلىشىدۇ. بىرەر ئىشقا ئۆزلىرىچە ئالدىراپ كېتىدىغان بولسا، ئارام ئېلىشنى زادىلا بىلمەي قالىدۇ. ئۇياقتىن - بۇياققا تولغىنىپ كېتىشلىرى بەئەينى يىلانبېلىققىلا ئوخشايدۇ. لېكىن، چاقتىكى تىيىنغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ جايىدا پىرقىراپ يۈرگىنى يۈرگەن.





# قىزىل بارراكۇدا بېلىقى

قىزىل بارراكۇدا بېلىقى پۈتكۈل بېلىقلارغا زىيان سالغۇچى دەپ ئەيىبلىنىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن يېزىلغان ئەرزلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغسا بىر ھارۋا توشقۇدەك قەغەز چىقىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سوتقا تۈزۈم بويىچە تۇڭنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئېلىپ كېلىنگەنىكەن.

سۇدىيەلەر ئەتراپتىكى ئېتىزلىقتا يىغىلىپ ئوت يەۋاتقانىكەن. ھۆججەتكە پۈتۈلگەن سۇدىيەلەرنىڭ ئىسمى - زاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلار ئىككى ئېشەك، ئۈچ ئۆچكە، شۇنىڭدەك قېرىپ كاردىن چىققان ئىككى ئات ئىكەن. جازانىڭ قىلچىمۇ خاتا كېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن سوت تۈلكىنى مۇپەتتىشلىككە ئالايىتەن بەلگىلىگەنىكەن. ھالبۇكى، قىزىل بارراكۇدا بېلىقى ئۆز ۋاقتىدا تۈلكە دوكتورغا يېمەك ئۈچۈن بېلىقلارنى جۆندەپ بەرگەنىكەن.

قىزىل بارراكۇدا بېلىقىنىڭ جىنايى پاكىتلىرى ئېنىق بولغاچقا ئۆزىمۇ تېنىۋالالمايدىكەن، شۇڭا ھېچكىممۇ بۇ قېتىمقى ھۆكۈمنى ئادالەتسىز بولدى دەپ قارىمايدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئاخىرقى سوراقتىن كېيىن ھۆكۈم بېكىتىلىپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى دەرەخكە ئېسىپ ئۆلتۈرۈپ سازايى قىلىشىدىغان بوپتۇ. دەل شۇچاغدا تۈلكە مۇنداق دەپ سۆز قىستۇرۇپتۇ:

— ھۆرمەتلىك سۇدىيەلەر، ئۇنىڭغا بۇ جازا ناھايىتى يەڭگىل بولۇپ قالىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ھېچكىم ئاڭلاپ باقمى-



غان، ئاجايىپ ئىغىر جازا بېرىشنى تەكلىپ قىلىمەن ! بۇ يىڭى جازانى كۆرگەندە ھەر قانداق جىنايەتچى قورقۇپ غال - غال تىترەيدىغان بولسۇن، ئۇنى دەرياغا تالاپ غەرق قىلىۋې-تەيلى !

— بۇ ناھايىتى جايىدا جازا ئىكەن ! — دېيىشىپتۇ سودىيەلەر. كۆپچىلىك قوشۇلغانلىقى ئۈچۈن قىزىل بارراكۇدا بېلىقى دەرياغا تاشلىنىپتۇ.





# كاككۇك بىلەن سۇمۇرغ

كاككۇكقا بۇلبۇلنىڭ رولىغا چىقىدىغان خىزمەت تاپشۇرۇلۇپتۇ. ئۇ يېڭى ئىش ئورنى بويىچە بىر دەرەخكە جايلىشىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن جىلغىدىكى ھەممە قۇش يىغىلغان سورۇندا ناخشا ئېيتىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن قارىسا، قۇشلارنىڭ بەزىلىرى كېتىپ قالغان، بەزىلىرى دىمىقىدا كۈلگەن، بەزىلىرى ئۇنى تېخى ئوچۇقتىن - ئوچۇق زاڭلىق قىلىشىۋاتقان. كاككۇك ئەلەمدىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي سۇمۇرغ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— شاھىم، — دەپتۇ ئۇ، — ئۆزلىرىگە ئەرز - دادىمنى ئېيتىشقا رۇخسەت قىلغايلا. سىلى مېنى ئورمانىنىڭ بۇلبۇلى بولۇشقا بۇيرۇغانىدىلە، لېكىن ئۇچار قۇشلار مېنى مازاق قىلدى.

— بۇرادەر، — دەپتۇ سۇمۇرغ پادىشاھ جاۋاب بېرىپ، — مەن قۇشلارنىڭ پادىشاھى بولغىنىم بىلەن، ياراتقۇچى ئەمەسمەن. شۇڭا، مەن بۇ جەھەتتە ساڭا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن. قۇشلارنى سېنى بۇلبۇل دېيىشكە مەجبۇرلىيالىشىم مۇمكىن، لېكىن كاككۇكنى بۇلبۇلغا ئايلاندۇرۇش قولۇمدىن كەلمەيدۇ.



# ئۇستىرا

پوچتا ئېتى مىنىپ سەپەرگە چىققىنىمدا، بىر بۇرادەر بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. كەچتە بىز بىر مېھمانخانىغا چۈشتۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغانغان چېغىمدا نېمە كۆردۈم دېمەمسىلەر؟ ئاغىنەم ۋاي - ۋايلاپ قاپتۇ. كەچتە بىز كۈلكە - چاقچاق قىلىشىپ، بىر - بىرىمىزگە خەيرلىك كەچ تىلەشتۇق. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلدىم، ئۇنىڭ ھەرىكىتى تازا قاملاشمىغاندەك تۇراتتى، ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى، خورسىناتتى، ئاندىن بوش ئاۋازدا زارلىناتتى.

— نېمە بولۇۋاتىسەن؟ — دېدىم ئەجەبلىنىپ، — كېسەل بولۇپ قالمىغانسەن؟

— كېسەل بولۇپ قالغىنىم يوق، ساقىلىمنى ئېلىۋاتىمەن!

— ھە، پەقەت شۇ ئىشمىدى؟ — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ.

ئۇ ئاغىنەم ناھايىتى پەرىشان ھالدا ئەينەكنىڭ ئالدىدا زارلىنىۋاتاتتى. چىرايىنى خۇددى بىرى يۈزىنىڭ تېرىسىنى سويۇۋاتقاندەك پۈرۈشتۈرۈۋاتاتتى. مەن ئاخىر نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدىم.

— ۋوي، سەن ئۆز - ئۆزۈڭنى خاراب قىلغىلى تۇرۇپسەنغۇ! — دېدىم مەن، — نېمانداق قىينىلىدىكىن دېسەم، مۇنداق ئىش ئىكەن - دە! قولۇڭدىكىسى ئۇستىرا ئەمەس، ئورغاققۇ. ئۇنى ساقىلىڭغا سالما، يۈزۈڭنى كاردىن چىقىرىسەن.





— راست، ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇستىرام ناھايىتى گال ! مەن يۈزۈم كېسىلىپ كەتمىسۇن دەيمەن. ئۇستىرا گال بولغاندا بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— دوستۇم، مەن ناھايىتى ئەدەپلىك ھالدا ساڭا شۇنى ئەسكەرتىپ قوياي، گال ئۇستىرا يۈزنى ئوڭاي كېسىۋېتىدۇ، ئىتتىك ئۇستىرا ساقىلىڭنى پاكىز ئالىدۇ. سەن مۇھىمى ئۇستىرا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ كېرەك.

※ ※

نۇرغۇن ئادەملەر ئادەم ئىشلىتىشتە مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئىش تۇتىدۇ. ئۇلار ھەقىقىي يارامىلىق ئادەملەرنى ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلالماي، ساپلا كارغا كەلمەيدىغان ئەخمەقلەرنى يىغىۋالىدۇ.





# قارچىغا بىلەن قۇرت

قۇرت پىكۇس دەرىخنىڭ ئېگىز شېخىغا يېپىشىۋېلىپ شامالدا لەپەڭشىپ تۇرغانىكەن. قارچىغا دەرەخنىڭ ئۈچىدىن ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ئۇنى مازاق قىپتۇ:

— ھەي بىچارە ! تازىمۇ جاپا تارتىۋاتقانسەن - ھە ! ساڭا نېمە جاپا؟ مۇنچە ئېگىزگە چىقىۋېلىپ نېمە پايدا تاپارسەن؟ يا ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئىگە بولالمايدىكەنسەن، خالىغىنىڭنى قىلىمەن دېيمۇ قىلالمايدىكەنسەن، شاختا مۇنداق لەپەڭشىپ يۈرسەڭ شامال سېنى ئۇچۇرۇۋېتىشى مۇمكىنغۇ.

— شۇنداق، — دەپتۇ قۇرت ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، — مېنى زاڭلىق قىلىشىڭ تەبىئىي، چۈنكى سەن ناھايىتى ئەركىن پەرۋاز قىلىپ ئۇچالايسەن. سېنى ئاشۇنداق پەرۋاز قىلدۇرغان كۈچلۈك قانىتىڭنىڭ خاسىيىتى. ماڭا ياراتقۇچى ئىگەم باشقا بىر خاسىيەتنى ئاتا قىلغان. مېنىڭ بۇ يەردە تۇرمىقىم ناھايىتى مۈشكۈل، بۇنىڭغا مەن ئىقرار. ماڭا مۇشۇ يەردە مەھكەم يېپىشىپ تۇرغۇدەك چىدام - تاقەتنى بەرگىنىدىگە خۇداغا مىڭ - مىڭ شۈكرى !









# يوقسۇل باي

— ياخشى يەپ - ئىچمىگەن ئادەمنىمۇ باي بولدى دېگىلى بولامدۇ؟ قۇرۇق ئالتۇن تەڭگىنى جىرىڭشىتىپ يۈرگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ پۇل دېگەننى ئادەم گۆرىگە ئەكەتمەيدىغۇ. پىخسىقلىق قىلسا، ئادەم ئۆز - ئۆزىنى خاراب قىلىدۇ، ئاخىر خەسىس دېگەن سەت نامىلا قالىدۇ، خالاس. ئەگەر ماڭا بايلىق بەرگەن بولسا، ھەرگىزمۇ پىخسىقلىق قىلمىغان بولاتتىم، پۇل دېگەننى ۋاش - ۋاش خەجلەپ باياشات تۇرمۇش كەچۈرەتتىم، داستىخاننى يوغان - يوغان سېلىپ، جاھاندىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىغا چىققان بولاتتىم. تېخى قولۇم - قوشنىلىرىمغىمۇ ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلاتتىم. بېخىلنىڭ تۇرمۇشى دوزاخنىڭ تۇرمۇشى دېگەن گەپ.

ۋەيرانە ئۆيدە بىر كەمبەغەل كارىۋات ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقان ئۇزۇن ئورۇندۇقىدا يېتىپ ئۆز - ئۆزىگە ئەنە شۇنداق سۆزلەۋاتقانىكەن، ياستۇقىنىڭ يېنىدا بىرەيلەن: بەزىلەر ئۇنى جادۇگەر دېيىشىدۇ، بەزىلەر ئالۋاستى دېيىشىدۇ، بەلكىم ئالۋاستى دېگىنى توغرىدۇ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ كىملىكىنى تۆۋەندە بىلىمىز — ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— گېپىڭگە قارىغاندا، ساڭا پۇل لازىمدەك قىلىدۇ. ماقۇل، ساڭا دوست ئورنىدا ياردەم قىلاي. مانا ساڭا ھەميان. بۇنىڭ ئىچىدە بىر تىللا، پەقەت بىر تىللالا بار. لېكىن، ھەمياندىن بىر تىللانى ئالساڭ، ئورنىدا يەنە بىر تىللا پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. دوستۇم، ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئەمدى





قانچىلىك باي بولمەن دېسەڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. قېنى، بۇ ھەمياننى ئال ! قانچىلىك پۇل لازىم بولسا، شۇنچىلىك چىقىرىۋال. ئىشقىلىپ كۆڭلۈڭ قانائەت تاپسۇن. بىراق، شۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى، ھەمياننى دەرياغا تاشلىۋەتمىگۈچە بىر تىللانىمۇ خەجلىشىڭگە بولمايدۇ.

كەمبەغەل ھەمياننى قولغا ئالغان چاغدا، ئۆيدە ئۆزىنى يالغۇز ھالەتتە كۆرۈپتۇ، دەسلەپتە خۇشال بولغانلىقىدىن ئەقلىدىن ئازغىلى تاس قاپتۇ، كېيىن ئېسىنى تېپىپ ھەمياندىن پارقىراپ تۇرغان تىللانى ئاپتۇ، بۇ چاغدىمۇ ئۆزىنى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىپتۇ، ھەمياننى يەنە سىلاپ بېقىپتىكەن، قولىغا يەنە بىر تىللا ئۆرۈلۈپتۇ.

«ئەگەر» دەپ ئويلاپتۇ بۇ كەمبەغەل دوستىمىز، «كېچىچە چىراغنى يېقىپ قويۇپ بۇنىڭدىكى تىللالارنى چىقارغىلى تۇرسام، ئەتىگىچە قالتىس باي بولۇپ كەتكۈدەكمەن، يا ھەزرەت ! ئۇ چاغدا كارامەت باياشاتچىلىق ئىچىدە ياشايمەن ـ دە !»

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇ يەنە پىلانىنى ئۆزگەرتىپتۇ. «خېلى ئوبدان ئىش بولدى» دەپتۇ ئۇ ئىچىدە، «ئەمدى باي بولدۇم، لېكىن تېخىمۇ باي بولسام نېمىشقا بولمايدىكەن؟ يەنە مۇشۇنداق تىللالارنى جەملىۋەرسەم ماڭا ھېچبىر توسالغۇ يوققۇ. ئۆزۈممۇ ھۆرۈن ئەمەس، بۇگۈن يەنە بىر كارامەت بىلەن ھەپىلىشەي. بۇ پۇللارغۇ ئۆي، ماشىنا، داچا سېتىۋېلىشىمغىمۇ يېتىدۇ، لېكىن ئەگىلىك يارىتىش ئۈچۈن پۇل كېرەككۇ. بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشنىڭ ئۆزى ساراڭلىق ! ياق، بۇ خاسىيەتلىك ھەمياننى تاشلىۋەتمەسلىكىم كېرەك ! دېمەك، ماڭا بۇگۈنچە ئاچ يۈرمەكتىن باشقا ئامال يوق. ئۇنىڭ نېمە يامىنى بولسۇن، ئاخىرقى ھېسابتا مېنى





راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش كۈتۈپ تۇرۇپتىغۇ».

كۈنلەر شۇ تەقلىدتە ئىلگىرىلەپ، ھەپتە ئۆتۈپتۇ، ئاي ئۆتۈپتۇ، يىلمۇ ئۆتۈپتۇ. تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن تىللالارنى، ھەتتا ساناشقىمۇ مۇمكىن بولماي قاپتۇ. ئۇ بولسا كۈنلىرىنى يېمەي ـ ئىچمەي دېگۈدەك ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. بىر خىلدا كېتىۋاتقان بۇ ئىش تاڭ ئاتا ـ ئاتمايلا ئۇنى يەنە چاقىرىدىكەن، ئۇ ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ھەميان بىلەن ھەپىلىشىدىكەن، لېكىن ئۇ يەنىمۇ باي بولۇش كويىدىن نېرى بولمايدىكەن. بەزىدە ئۇ ھەميانىنى ئېلىپ دەريا تەرەپكىمۇ ماڭىدىكەن، لېكىن تېنىنى تۇيۇقسىز تىترەك بېسىپ، يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ قايتىپ كېلىدىكەن. ئىشقىلىپ ئۇ ھەميانىنى تاشلىۋېتىشكە قىيالماپتۇ.

«بۇنىڭدىن تىللا دېگەن تۈگىمەي چىقىپ تۇرسا» دەپتۇ ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، «قانداقمۇ تاشلىۋېتەلىشىم مۇمكىن».

بۇ ئوي ئاخىر ئۇنىڭ چاچلىرىنى تۈگەل ئاقارتىۋېتىپتۇ. بىچارە ئادەم ئورۇقلاپ تۈگىشىپ كېتىپتۇ، چىرايىمۇ تىللاسىنىڭ رەڭگىدەك سارغىيىپتۇ. ئۇ ئەمدى راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش خىيالىنىمۇ بىر ياقلارغا چۆرۈۋېتىپتۇ، ئۇ سالامەتلىكىنىمۇ، كۆڭۈل ئارامىنىمۇ بىراقلا يوقىتىپ، نىمجان بوۋايدەكلا بولۇپ قاپتۇ، شۇنداقتىمۇ ھالسىز، تىترەك قوللىرى بىلەن ھەمياندىن تىللا ئېلىشنى ھەرگىز توختاتماپتۇ. ئۇ ئۆز ئىختىيارىنى يوقاتقان ھالدا ئالىدىكەن، ئالىدىكەن، تا ئۆمرى ئاياغلاشقۇچە بۇ ئىشتىن قولىنى تارتماپتۇ. ئاخىر ئۇ بىچارە خەسىس تىللالار بىلەن توشۇپ كەتكەن ھېلىقى ئۇزۇن ئورۇندۇقىدا ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالغان تىللالىرى توققۇز مىليوندىن ئېشىپ كەتكەنىكەن.





# قىلىچ

ئۆز ۋاقتىدا بىسى تەڭداشسىز ئۆتكۈر بىر قىلىچ تۆمۈر - تەسەك دۆۋىسى ئىچىدە تۇرغانىكەن، بىرەيلەن ئۇنى تېپىۋې- لىپ، بازارغا ئاچىقىپ بىر سەھرالىققا سېتىپتۇ.

بۇ سەھرالىق ئاغىنىمىز ئېلىپساتار بولمىغاچقا سېتىۋال- غان قىلىچنى لازىملىق ئىشلىرىغا سالماقچى بوپتۇ، ئاۋۋال يېزىلىقلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئۇنىڭغا ساپ بېكىتىپتۇ، ئان- دىن ئۇنىڭ بىلەن دەرەخ قوۋزىقىنى سويۇۋېلىپ، سەھرالىقلار پەدىسىدە گوجەي ياساپتۇ، ئۇ قىلىچتا ئوتۇن كەسلەپتۇ، شاخ پۇتاپتۇ، باددا ياكى قوزۇق ياساپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر يىلغا بارمايلا قىلىچ گاللىشىپ ھەرە چىشىدەك بولۇپ كېتىپتۇ، يۈزىمۇ داتلىشىپتۇ، ئەمدى ئۇنى باللار ئات قىلىپ ئوينايدى- غان بوپتۇ.

بىر تۈپ پەلەكنىڭ ئاستىدا ياتقان كىرپە (بۇ چاغدا قى- لىچمۇ پەلەكنىڭ تۈۋىگە تاشلىۋېتىلگەنىكەن) بىر كۈنى كەچ- تە قىلىچقا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەگەر قىلىچ شۆھرەتكە سازاۋەر ئىدى دېيىلىدىغان بولسا، بۈگۈن سېنىڭ سەھرالىقنىڭ ئىرادىسى بويىچە قوزۇق ئۇچلاپ، ئوتۇن كەسلەپ، ئاخىر بىر نەچچە باللىنىڭ ئويۇنچۇ- قىغا ئايلىنىپ قالغىنىڭ بەكمۇ نومۇس ئىش بوپتۇ.

— ئەگەر مەن، — دەپتۇ قىلىچ جاۋاب بېرىپ، — يارامىلىق ئەسكەرنىڭ قولىدا بولغان بولسام دۈشمەننى ئالدىمدا تىز پۈكتۈرەتتىم، لېكىن بۇ يەردە مەن «باتۇرغا ماھارەت





كۆرسىتىدىغان سورۇن يوق» دېگەندەك ئەھۋالدا تۇرۇپتىمەن. ئۇلار مېنى ھەر قانچە پەسكەش ئىشلارغا سالسىمۇ ماڭا ئامال يوق. مېنى قانداق ئىشقا سېلىش كېرەكلىكىنى بىلمىگەندىكىن ھەممە گۇناھ شۇلاردا.





# سودىگەر

— ۋوي بالام، مەيەرگە كەل. نەدە يۈرسەن؟ دەرھال مە-
يەرگە كەل دەيمەن. تاغاڭنىڭ ئوقىتى خېلى جايىدا جۇمۇ!
سەنمۇ مەندەك ئېلىپساتارلىقنى ئۆگىنىۋالغان بولساڭ قالتىس
ئىش بولاتتى. بىلەمسەن، پولشانىڭ ھېلىقى ئەسكى، نەم تار-
تىپ قالغان، كۆيە چۈشكەن رەختىنى نەچچە يىلدىن بۇيان
بىرەرمۇ ئادەم سوراپ قويمىغانىدى، مانا شۇنى ھازىر ئۆتكۈ-
زۈۋەتتىم، ئۇنى ئەنگلىيە رەختى دېۋىدىم، خېرىدار قارماققا
ئىلىندى! بىردەمنىڭ ئىچىدىلا يۈز تەڭگە يانچۇققا كىردى.
ئۇ راست كالۋا نېمىكەن!

— توغرا دەيسىز، — دەپتۇ جىيەنى دۇكاندار تاغى-
سىغا، — لېكىن زادى كىمنىڭ راست كالۋالىقىنى تازا بى-
لەلمەي تۇرىمەن، قاراڭ، ئۇنىڭ سىزگە بەرگىنى يالغان پۇل ئى-
كەنغۇ!

※ ※

ئالدىنىش، ئالداش تىجارەتچىلىكتە ئەجەبلىنەرلىك ئىش
ئەمەس. سەن نەزىرىڭنى دۇكاندىن ۋە دۇكاندارلاردىن يۆتكەپ،
يۇقىرى تەبىقىدىكى كاتتا بايلارغا قاراپ باقە، شۇ چاغدا باي-
قايسەنكى، ئۇ يەرمۇ ئوخشاش، ھەممىلا ئادەم دېگۈدەك ھىيلە
ئىشلىتىدۇ، كىمكى يالغانچىلىقنى ئەڭ قاملاشتۇرسا، ئۇ
كىشىلەر شۇنچىلىك سىرلىق كۆرۈنىدۇ.





# زەمبىرەك بىلەن يەلكەن

بىر كېمىدىكى زەمبىرەك بىلەن يەلكەن قاتتىق قىزىرد-
شىپ قاپتۇ. زەمبىرەك شۇنچىلىك غەزەپلىنىپتۇكى، ھەتتا
ئۇزۇن بۇرنىمۇ تىكلىشىپ كېتىپتۇ.

— ئەي ئىلاھلار، — دەپتۇ زەمبىرەك ئەلىمىنى يۇتال-
مىغان ھالدا، — سىلەر مۇنداق ئىشنى كۆرۈپ باققانمۇ، ماۋۇ
يىرتىق لاتىلار ئۆزلىرىچە مەمەدانلىق قىلىپ بىزدىن ئابرۇي
تالىشىۋاتىدۇ. بىز شۇنداق جاپا تارتىپ يۇرگەندە بۇلار نېمە
ئىش قىپتىكەن! پەقەت شامال چىققاندىلا كۆكرەكلىرىنى
كېرىپ، قورساقلىرىنى پومپايتىپ قويۇشىدۇ! تېخى ئۆزلىد-
رىنى بەگدەك چاغلىشىپ، سىلەرنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزىدىغان
بىز دەپ كېتىشلىرىچۇ! ئۇلارنىڭ دەۋاتقىنى پو گەپ! ئۇ-
رۇشتا نەرە تارتىپ چىقىدىغىنى مانا بىز، كېمىمىزنى دېڭىزدا
ئۆز بەگ - ئۆز خان قىلغانمۇ مانا بىز، دۈشمەنگە ئۆلۈم ۋە
ۋەھىمە ياغدۇرۇۋاتقانمۇ مانا بىز. ئەمدى بۇ يەلكەن بىلەن
بىللە تۇرۇشقا زادى رايىمىز قالمىدى، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ھا-
لىدىن ئۆزىمىز خەۋەر ئالساق. ئەي كۈچلۈك بوران ئىلاھى،
بىزگە بىر ياردەم قىلىپ، دەھشىتىڭ بىلەن ئاشۇ يەلكەننى
يىرتىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتكىن!

زەمبىرەكنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بوران ئىلاھى دەھشەت
ياغدۇرۇپ، دېڭىزنى زۇلمەتكە چۈمكەپتۇ، سۇرلۇك ئاسماننى
قويۇق قارا بۇلۇتلار قاپلاپتۇ، دولقۇنلار تاغدەك - تاغدەك ئې-
گىز كۆتۈرۈلۈپ شاۋقۇن ياساپتۇ، گۈلدۈرماما قۇلاقنى يارغۇ-



دەك گۇلدۇرلەپتۇ، چاقماق چېقىپ كۆزلەرنىمۇ ئاچقىلى قويـ-
ماپتۇ. بوران ئىلاھى دەھشەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ ئاخىر يەلكەن-
نى يىرتىپ جۇل - جۇل قىلىۋېتىپتۇ.

بوران ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن غايىب بوپتۇ. ئەمدى يەلكەنسىز قالغان كېمىگە كەلسەك، ئۇنى دولقۇنلار ئۆز مەيـ-
لىچە سەكرىتىپ خۇددى ھېچنېمىسى قالمىغان بىر تال ياـ-
غاچتەك ئاققۇزۇپ يۈرۈپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭغا دۈشمەن كېمىسى ۋەھىمە ۋە ھالاكەتنىڭ ئوقلىرىنى ئاتقىلى تۇرغاندا، ئۇ جايـ-
دىن قىمىر قىلالماي ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ، ھېلىقى زەمبىرەكـ-
لىرى بىلەن دېڭىزنىڭ قەھرىگە تاشتەك چۆكۈپ كېتىپتۇ.

※ ※

مۇكەممەل ۋە قۇدرەتلىك دۆلەت خۇددى زور مېخانىزمغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا كېرەكسىز بىرمۇ زاپچاس بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئارمىيىسىنىڭ مۇقەددەس زېمىننى خەقنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاپ قېلىش - قالماسلىقى دۆلەتنىڭ تۈپكى سىياسەت يۆ-
نىلىشىدىن ئىبارەت بولغان مۇشۇ يەلكەنگە باغلىق.



# ئېشەك ۋە ئۇنىڭ كولدۇرمىسى

بىر دېھقاننىڭ بىر ئېشىكى بار ئىكەن. ئۇ ئېشەكنىڭ قىلىدىغان ئىشى شۇنداق قالتىس ئىكەنكى، خوجايىنى ھەتتا ئۇنى تەرىپلەشكە سۆز تاپالماي قالىدىكەن. خوجايىنى ئۇنى جاڭگالدا يوقاپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، ئاپتاپلىق كۈنلەر-نىڭ بىرىدە ئۇنىڭ بويىنىغا كولدۇرما ئېسىپ قويۇپتۇ.

بىزنىڭ بۇ ئېشىكىمىز مەغرۇرلىنىپ، ئۆز - ئۆزىگە تە-مەننا قويۇشقا باشلاپتۇ (شۇنىمۇ بىلىپ قويۇڭكى، ئۇ ئې-شەكنىڭ تېخى مېدال دېگەندەك نەرسىلەردىنمۇ خەۋىرى بار ئىكەن)، ئۆزىنى ئەمدى قەدىر - قىممىتىم يۈز ھەسسىلەپ ئاشتى دەپ ئويلاپتۇ. ئۆزىنىڭ ئادەملەرگە ئوخشاش يۇقىرى تەبىقىدىن ئورۇن ئېلىش كېرەكلىكىنى ئويلىغاندا، خۇشال بولۇپ، ئاجايىپ مۇرەككەپ، نازۇك تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپتۇ (غەيرىي ئېشەك تېپىدىكى ئادەملەرنىڭ تۇيغۇسىمۇ ئۇنىڭكىدىن جىق پەرقلەنمىسە كېرەك).

سىلەرگە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، ئاشۇ كۈندىن بۇرۇن ئېشەك ھېچكىمنىڭمۇ دىققىتىگە چۈشمىگەنىكەن. بويىنىغا كولدۇرما ئېسىلىشتىن بۇرۇن، ئۆزىمۇ ھېچنېمىدىن زارلانمايدىكەن. بۇرۇن سۇلۇ، قارا بۇغداي ئېتىزلىرىنى، ھەت-تا كۆكتاتلىقلارنىمۇ دەسسەپ - چەيلەپ، قورسىقىنى تويغۇ-زۇۋېلىپ غىپپىدە چىقىپ كېتەتتىكەن، لېكىن بويىنىغا كولدۇرما ئېسىلغاندىن كېيىن ئىش چاتاق بوپتۇ. بۇ نامى چىققان بىچارە ئېشىكىمىزنىڭ كۈنىگە نېمە دېگۈلۈك ! ئۇ



بىر نەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا بويۇنىدىكى «مېدالى» كولدۇرۇك - كولدۇرۇك قىلىپ كېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر مىنۇتقا قالمايلا دېھقان كالتەكنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئېتىزلىقتىن سۈر - توقاي قىلىپ قوغلاپ چىقىرىدىكەن. يەنە بىر قوشنىسىمۇ كولدۇرمىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا قولىغا چىققان نەرسىنى ئېلىپ، ئېتىزلىقىغا يۈگۈرۈپ بارغىنىچە ئۇنىڭ بىقىنىغا كومشىتىپ سالغىلى تۇرىدىكەن.

شۇڭا، بىزنىڭ بۇ داڭدار بىچارىمىز كۆز كېلىشى بىلەنلا تۈگىشىپتۇ، قاقشال سۆڭەك بولۇپ، ئېشەك دېگۈچىلىكىمۇ قالماپتۇ.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بىز دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان لۈكچەكلەر بۇ نۇقتىغا قاتتىق دىققەت قىلىشى كېرەك! ئۇ ئەرزىمەس ئورۇندىكى چاغدا خەقلەرنىڭ دىققىتىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالالىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ شۆھرەت قازانغان ھامان خۇددى بويىنىغا كولدۇرما ئېسىلغان ئېشەكنىڭ كۈنىگە قالىدۇ. قانچە ئاتاق چىقارغانسېرى ئەيت - بەشىرىسى شۇنچە ئاشكارىلىنىدۇ.







## مىرون

بۇرۇن بىر شەھەردە بىر باي بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى مىرون ئىكەن — بىز ئۇنى مىليونغا قاپىيداش قىلىپ مىرون دەۋالغىنىمىز يوق، ئىشقىلىپ، بىزنىڭ بۇنداق ئادەمنى مىرون دەپ ئاتىغانلىقىمىزنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش. قىسقىسى، بۇ مىرون توغرىسىدا سۆز - چۆچەكلەر ناھايىتى كۆپ ئىدكەن، يەنە كېلىپ بۇ گەپلەر ئۇنىڭ ئىشلىرىنى كۆرگەن، ئاڭلىغان ئەل - يۇرتتىن چىققانىكەن. خەقلەر ئۇنىڭ ساندۇقىدا مىليونلاپ پۇلى بار، لېكىن ئالدىغا ھاجەتمەن بولۇپ بارغانلارغا بىر تىيىنمۇ ياردەم قىلمايدۇ، دېيىشىدىكەن.

لېكىن، كىمنىڭمۇ ياخشى ئاتاققا ئېرىشكۈسى كەلمەيدۇ دەيسىلەر؟ بۇ مىرونمۇ خەقنىڭ ئۆزىگە بولغان كۆز قارىشىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ھەر شەنبە كۈنى كەمبەغەللەرگە سەدىقە بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

دەرھەقىقەت، ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بارغان ئادەمنى ھېچكىم توسماپتۇ. خەقلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇ ساۋابلىق ئىش قىلىمەن، دەپ ئەمدى تاپقان - تۈككىنىنى تۈگىتىدىغان بولدى، دېيىشىپتۇ.

ياق، ئۇ تۈگەشكىنى يوق. بىزنىڭ بۇ بېخىلىمىزنىڭ ئەپچىل بىر چارىسى بار ئىكەن: ھەر شەنبە كۈنى غالجىر ئىتلىرىنى باغلاقتىن بوشىتىۋېتىدىكەن. ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىرگەن تىلەمچىلەر يەيدىغان بىر نىمە ئالماق تۈگۈل، ئۆزىنى ئىتقا چىشلەتمەي قېچىپ چىقالىسا شۇنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش



ئىكەن، شۇنداقتىمۇ خەقلەر بۇ مىرون ئەپەندىنى رەھىمدىل كۆرۈپ ناھايىتى ھۆرمەتلەيدىكەن.

— مىروننى دەمسىلەر، — دەيدىكەن ئۇلار، — بۇنداق ئادەم ئاز تېپىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ خاتالىقى بار دېسەك، پەقەت بىرلا خاتالىقى بار، ئۇ بولسىمۇ ھېلىقى غالجىر ئىتلارنى باقىدا، ئۇنىڭغا ئادەمنى يېقىن كەلتۈرمەيدىغىنى ئاشۇ ئىتلار. ئۇنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇ بىر تىيىن پۇلى بولسىمۇ خەق بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى خالايدۇ!

※ ※

مۇنداق ئىشلار كۆپ. مېنىڭچە ئامبال مەھكىمىسىگە كىرىشنىڭ تەسلىكى دەرۋازىغا قارايدىغان غالچىلارنىڭ ئەسكىلىكىدە، مىرون بېگىم بولسا «قالتىس مۇلايىم».







# دېھقان بىلەن تۈلكە

— قوشنام، — دەپتۇ تۈلكە دېھقانغا، — ئېيتقىنا، سېنىڭ ئات بىلەن شۇنچە يېقىن ئۆتۈشۈشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ قارىسام، ئۇ سەن بىلەن دائىم بىللە يۈرىدۇ، سەن ئۇنى سىلاپ، تاراپ شۇنداق ئوبدان تۇتىسەن، ئۇنىڭغا يەيدىغاننىمۇ ناھايىتى جىق بېرىسەن. ئۇ سەن بىلەن يولدىمۇ بىللە، يەر ئاغدۇرساڭمۇ بىللە. لېكىن، ئېتىراپ قىلىشىڭ كېرەككى، ئۇ باشقا ھايۋانلارغا قارىغاندا، كاللىسى ئەڭ ئىشلىمەيدىغان ھايۋان !

— بۇ گېپىڭ دۇرۇس ئەمەس، قوشنام، — دەپتۇ دېھقان ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، — ماڭا ئۇنىڭ كاللىسى كېرەك ئەمەس، ئۇنىڭغا مېنىڭ ھاجىتىم ئاز چۈشىدۇ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئىشلىتەي دەيدىغان مەقسىتىممۇ يوق، پەقەت ئۇنىڭغا مىنسەم، ئۇ تىزگىنىمگە بويسۇنسىلا بولغىنى.





# ئىت بىلەن ئات

بىر كۈنى ئىت بىلەن ئات ئېتىزلىقتا ئىشلەپتۇ. ئىت ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن ئاتنىڭ قىلغان ئىشىنى سېلىشتۇرۇپ ئاتقا مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي، چىرايلىق، ئېسىلزادە ئاغىچام، مېنىڭچە بولغاندا، خوجايىن سېنى قوغلاپ چىقىرىشى كېرەك ئىدى. ھارۋا سۆرەش، ساپان تارتىش چاغلىق ئىشقۇ! كېسىپ ئېيتالايمەنكى، سېنىڭ قىلىدىغىنىڭ ئاشۇلا! مېنىڭ قىلغان ئىشىمغا سېنىڭكىنى ھەرگىز تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. پۈتۈن كۈندۈز مەنمۇ ئىشلەيمەن، لېكىن كېچىسى يەنە ئىشلەيمەن! كۈندۈزى ئوتلاقتا قويغا قارايمەن، كېچىچە يەنە قورۇ ساقلايمەن.

— ئەلۋەتتە، ناھايىتى توغرا دەيسەن، — دەپتۇ ئات، — لېكىن شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئەگەر مەن جاپالىق ئىشلەپ يەر تېرىمىسام، ساڭا قارايدىغانغا ھېچنېمە چىقمايدۇ.







# ھۆۋقۇش بىلەن ئېشەك

يەكچەشمە ئېشەك — بىزنىڭ بۇ ئەخمىقىمىز دۇنيانى ئايلانماقچى بولۇپ يولغا چىققانىكەن، كېچىدە بىر قويۇق ئورمانلىققا كىرىپ ئادىشىپ قېلىپ بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلەيەلمەي قاپتۇ. بۇ ئورمانلىقتا ھېلىغۇ ئۇ ئىكەن، كۆزى ئۆتكۈر ئادەملەرمۇ ئېزىپ قالىدىكەن.

ھېلىمۇ ئېشەكنىڭ تەلىيى ئوڭ ئىكەن، ئۇنىڭغا ھۆۋقۇش ئۇچرىشىپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ مېڭىپتۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، ھۆۋقۇشنىڭ كۆزى غەلىتە بولىدۇ، كېچىسى ئۇ قەيەرنىڭ ئېگىز، قەيەرنىڭ پەس، قەيەرنىڭ دۆڭ، قەيەرنىڭ ئويمان ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئاڭقىرالايدۇ، ھەتتا ئايدىڭ بولمىسا تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيدۇ. شۇڭا، تاڭ يورۇغان چاغدا ئېشەك بىلەن ھۆۋقۇش ئىككىسى تۈز يولغا چىقىپتۇ.

مۇنداق يارامىلىق يول باشلىغۇچىدىن قانداقمۇ ئايرىلغىلى بولسۇن؟ ئېشەك ئۇنىڭدىن ئۆزى بىلەن بىللە جاھان ئايلىنىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئېشەكنىڭ دۈمبىسىگە قونۇۋېلىپ مېڭىش ھۆۋقۇشقىمۇ خۇشياقىدىكەن، شۇڭا ئۇلار بىرلىكتە يولغا ئاتلىنىپتۇ.

لېكىن، ئۇلارنىڭ سەپىرى ئۇتۇقلۇق بوپتىمۇ؟ ياق.

قۇياش شەرق ئاسمىنىنى يورۇتقان چاغدا، ھۆۋقۇشنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپتۇ، قاراڭغۇلاشقاندىمۇ ئەڭ زۇلمەتلىك كېچىدىنمۇ بەتتەر قاراڭغۇلىشىپتۇ. لېكىن، ھۆۋقۇش ناھايىتى ئۆزۈمچى ئىكەن، ئۇ ھە دەپ ئېشەككە قارىسىغا يول



كۆرسىتىۋېرىپتۇ.

— ھېزى بول ! — دەپتۇ ئۇ، — ئوڭ تەرىپىڭدە كۆل بار ! — ئەمەلىيەتتە ئوڭ تەرەپتە كۆل يوق، ئەكسىچە سول تەرەپتە يار بار ئىكەن، — سولغا ! ھە سولغا، يەنە بىر ئاز سولغا !

شۇنىڭ بىلەن، ھۇۋقۇش ۋە ئېشەك ئىككىسى بىراقلا تاغدىن غۇلاپ چۈشۈپ كېتىپتۇ.







## يىلان

يىلان خۇدادىن ئۆزىگە بۇلبۇلنىڭكىدەك ئاۋاز ئاتا قىلىشى-نى تەلەپ قىپتۇ.

— ئەگەر بۇ تەلىپىمنى ھەل قىلىپ بەرمىسەڭ، — دەپ-تۇ ئۇ، — ماڭا بۇ تۇرمۇشنىڭ قىلچە لەززىتى قالمايدۇ. نە-گىلا بارسام، ئاجىزلار مېنى كۆرسە بەش كۆنلۈك يەرگە قا-چىدۇ. كۆچلۈكلەرنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالىسام، ماڭا شۇنىڭ ئۆزى چوڭ بەخت! مەن بۇنداق تۇرمۇشتىن تويدۇم، ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى! ناۋادا بۇلبۇلغا ئوخشاش ئورماندا سايراپ يۈرگەن بولسام، ھەممەيلەن مېنى ماختاپ ئۆز قوينىغا ئالغان بولاتتى، ئۇلار كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان چاغلىرىدا، ھە دېسە مېنىڭ گېپىمنى قىلغان بولاتتى!

ئۇلۇغ خۇدايىم رازىمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ تەلىپىنى ئىجا-بەت قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يىلاننىڭ سۇرلۇك ۋىژىلداشلىرى يوقاپتۇ.

يىلان يېقىن ئەتراپتىكى بىر تۈپ تېرەككە يامىشىپ چى-قىپ، بۇلبۇلدەك خۇش ئاۋاز بىلەن يېقىملىق ناخشا ئېيتقىلى تۇرۇپتىكەن، ئەتراپتىكى قۇشلار بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قاپتۇ. لېكىن، ئۇلار ناخشىنى كىمنىڭ ئېيتىۋاتقانلىقىنى بى-لىپ، بىرىمۇ قالماي ھەممىسى ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

مۇنداق مۇئامىلىگە كىممۇ ئاشىق دەيسىلەر؟

— بۇ نېمە ئىش! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ يىلان





چىرايى ئۆڭگەن ھالدا، — مېنىڭ ناخشام شۇنچىلىك يېقىمسىزمىكەن؟

— ياق ! — دەپتۇ قارلىغاچ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، — ناخشاڭ ناھايىتى يېقىملىق، خۇددى بۇلبۇلنىڭكىدەكلا چىرايلىق ئىكەن. لېكىن، شۇنى ئىقرار قىلىشىمىز كېرەككى، سەن زەھەرلىك، سەت چىشلىرىڭنى چىقارغاندا، بىزنىڭ يۈرىكىمىز تىترەپ كېتىدىكەن، ساڭا يېقىن كېلىشتىن قورقىدىكەنمىز، شۇڭا سەن خاپا بولمىساڭ. ئەگەر بىزنى ناخشاڭدىن ھۇزۇرلانسۇن دېسەڭ، بىزدىن بىرەر يۈز مېتىر يىراقتا تۇرۇپ ئېيتساڭ قانداق؟







# بۆرە بىلەن مۈشۈك

بۆرە توقايلىقتىن ئېتىلىپ چىقىپ كەنتكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. بۇ ئۇنىڭ تاماشا قىلىپ يۈگۈرۈۋاتقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنى ۋەھىمە ئاشۇنداق يۈگۈرتۈۋاتقانىكەن. ئوۋچى بىلەن تايغانلار قوغلاپ كېلىۋاتقاچقا، ئۇ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاشۇنداق ساراسىمە ئىچىدە قېچىپ كېلىۋاتقانىكەن.

ئەگەر بىرەر ھويلىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالغان بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەن بولاتتىكەن، لېكىن يامان بولغىنى ھەممە ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى تاقاقلىق ئىكەن. ئۇ بىر ئۆگزىدە مۈشۈكنىڭ تورغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپتۇ:

— سۆيۈملۈك پاسكا، ماڭا دەپ بەرگىنە، بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ قايسىسى ئەڭ رەھىمدىل؟ كىم مېنى ياۋۇز دۈشمەندىن پاناھىغا ئالالايدۇ؟ ئىشىم چاتاق ! ئاۋۇ قورقۇنچلۇق بۇرغا ئاۋازىنى، ئىتلارنىڭ ھاۋشىشىنى ئاڭلاۋاتامسەن، ئۇلار مېنى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ !

— ئەگەر مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولغان بولسام، ستېپاننىڭ ئالدىغا ياردەم سوراپ بارغان بولاتتىم، ئۇنىڭدەك رەھىمدىل ئادەم يوق؛ توغرا، ستېپان ساڭا چوقۇم ياردەم قىلىدۇ !

— شۇنداقمۇ؟ لېكىن، مەن بۇرۇن ئۇنىڭ بىر قويىنى ئوغرىلاپ قويغانىدىم.

— ئەمىسە، دېمياننىڭ ئالدىغا بېرىپ باق.

— دېمياننىڭمۇ ماڭا غەزىپى بار، بۇرۇن بىر چاغلاردا مەن ئۇنىڭ ئۆچكىسىنى ئوغرىلىۋالغان.



— ئەمىسە، دەرھال ئاۋۇ يەردىكى تروفىمنىڭ قېشىغا بار.

— تروفىمنىڭ قېشىغىما؟ ياق ! بارالمايمەن، ئۇنى كۆرسەملا مېنى تىترەك بېسىپ كېتىدۇ. بۇلتۇر ئەتىيازدىن بېرى ئۇ قوزامنى تۆلەپ بەر دەپ، كەينىمدىن قوغلاپ يۈرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا چاتاق بوپتۇ ! لېكىن، توختا ! بولمىسا كلىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەلىيىڭنى سىناپ باقمامسەن.

— ھەي، پاسكا، مەن كلىمنىڭ كالىسىنى ئوغرىلاپ يەپ قويغانىدىم.

— دوستۇم، — دەپتۇ پاسكا تىترەپ تۇرغان بۆرىگە قاراپ، — سەن زىيان سالمىغان بىرمۇ ئۆي قالماپتۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سەن بۇ يەردە ئۆزۈڭگە ھىمايە تاپالمىغۇدەكسەن ! بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز ئۆزىگە زىيان سالغانلارنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغان ھاماقەتلەردىن ئەمەس. ئۇلارغا سېنى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ نېمە جاپا؟ ھەممە گۇناھ ئۆزۈڭدە ئىكەن. بۇ دۇنيادا ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق قايتىدۇ، ئۆز ۋاقتىدا يامانلىق قىپتىكەنسەن، ئەمدى ئاقىۋىتىڭ مۇشۇ بولىدۇ !







# قىزىل كاراس بېلىقى

ئاقسۆڭەك غوجامنىڭ بېغىدىكى فونتانلىق كۆلدە نۇرغۇن قىزىل كاراس بېلىقى بار ئىكەن. بۇ بېلىقلار ئادەتتە كۆلنىڭ چېتىدە ئۈزۈپ ئوينايدىكەن، كۆلدىن توغرا كېسىپ ئۆتكەن چاغدا قاسراقلىرى ۋال - ۋۇل يالتىراپ كېتىدىكەن. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى شېرىن چۈشتەك ئۆتىدىكەن.

بىر كۈنى، ئۇلارنىڭ خوجايىنى قىزىل بارراكۇدا بېلىقىدىن ئەللىكنى كۆلگە قويۇپ بېرىپتۇ.

— ۋاي خۇدايىم! — دەپ يۇگۇرۇپ كەپتۇ قوشنىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، — توۋا، نېمە قىلىۋاتىدىغانسىز؟ قىزىل بارراكۇدا بېلىقى بىلەن قىزىل كاراس بېلىقىنى بىر يەردە باققىلى بولامدىغان! بۇلار قىزىل كاراس بېلىقىنى پۈتۈنلەي يەپ قويمامدۇ! توۋا، سىز قىزىل بارراكۇدا بېلىقىنىڭ ۋەھشىيلىكىنى بىلمەمسىز؟

— بۇ گېپىڭىز ئارتۇقچىغۇ دەيمەن، — دەپتۇ ئاقسۆڭەك غوجام دىمىغىدا كۈلۈپ قويۇپ، — ئىش ھەقىقەتەن سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىزدەك. بىراق، مەن سىزدىن سوراپ باقاي، مەن قىزىل كاراس بېلىقىنى مۇشۇنىڭدا باقمىسام نېمىدە باقىمەن؟







# شارقىراتما بىلەن ئارىشاڭ

كۆپۈكلىنىپ چۈشۈۋاتقان شارقىراتما سۈيى قورام تاشقا ئۇرۇلۇپ چاچرىغىنىچە مەغرۇر ئاۋازى بىلەن ئارىشاڭنى تۇۋلاپتۇ. بۇ ئارىشاڭ تاغنىڭ ئاستىدىن سىرغىپ چىقىدىغان كىچىك ئارىشاڭ بولۇپ، سۈيى سالامەتلىككە پايدىلىق ئىكەن، شۇڭا ئۇنى ھەممە ئادەم بىلىدىكەن.

— نېمىدېگەن غەلىتە ئىش ! — دەپتۇ شارقىراتما، — ئۆزۈڭ كىچىككىنە تۇرسەن (سۇلىرىڭمۇ ئېقىن ھاسىل قىلالمايدۇ)، لېكىن مەدەنىي ئادەملەر، پۇلدار ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئالدىڭغا بارىدۇ. ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا كەلسىغۇ سەۋەبىنى ئۆزۈملا سورىغان بولاتتىم. ئېيتقىنا، ئۇلار زادى نېمە ئۈچۈن سېنىڭ ئالدىڭغا بارىدۇ؟

— سالامەتلىك ئۈچۈن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كىچىك ئارىشاڭ.







# شىر پادىشاھنىڭ كارىۋىتى

شىر پادىشاھ ياشىنىپ قالغاچقا تاش كارىۋاتتا ياتسا ياخشى ئۇخلىيالمايدىغان، بىقىنى پىتىپ ئاغرىيدىغان، يەردە ياتسا توڭۇپ تىترەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا، ئۇ ئورمانىدىكى ئېيىق، بۆرە دېگەندەك ئېسىلزادىلەرنى، مەيلى يۇمشاق يۇڭلۇق بولسۇن ياكى يىرىك تۇكلۇك بولسۇن، ھەممىسىنى يىغىپ، ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— دوستلىرىم، مەن ياشىنىپ قالدىم، ماڭا كارىۋىتىم بەك قاتتىق بىلىنىدىغان بولۇپ كەتتى. سىلەر كەمبەغەللەرگىمۇ، بايلارغىمۇ زەخمەت يەتكۈزمەسلىك پرىنسىپى ئاساسىدا، ئازراق يۇڭ يىغىپ، ماڭا چۈشەك ھازىرلاپ بېرەلمەسسىلەرمۇ؟ تاشنىڭ ئۈستىدە يېتىش جېنىمغا بەك تېگىۋاتىدۇ.

— شانۇ شەۋكەتلىك شاھىم، — دېيىشىپتۇ ئېسىلزادىلەر تەڭلا جاۋاب بېرىپ، — ھەر قايسىمىزنىڭ سىلىدىن ئايايدىغان نېمىمىز بار؟ ھېلىغۇ يۇڭ ئىكەن، تېرىمىزنىمۇ بېرىشكە بىز تەييار. بىزدە پاخماق يۇڭلۇق ھايۋانلار ئازمىدى؟ جەرەن، بۆكەن، ئارقار، بۇغا دېگەنلەر ھەر يىلى ھېچقانداق باج - خىراج تۆلىمەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۇڭىدىن بىر ئاز ئالساق تامامەن بولىدىغان گەپقۇ؟ ئۇلارنى مۇنچىلىك ئولپان تۆلىگىنىگە رەنجىپ قالارمىكىن دېمىسىلە، ئەكسىچە ئۇلار تېخىمۇ خۇش بولىدۇ !

ئۇلارنىڭ بۇ دانا مەسلىھەتى شۇ يەردىلا قوبۇل قىلىنىپتۇ. شىر پادىشاھ ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى تەرىپلەشكە سۆز تا-





پالماي قاپتۇ. بىراق، ئۇلار ساداقىتىنى ئەمەلدە قانداق كۆرسىتىپتۇ دېمەمسىلەر؟

بۇ ئىسىلزادىلەر بىچارە ھايۋانلاردىن نۇرغۇنىنى تۇتۇپ، تېرىسىنى سويۇپ، يۇڭلىرىنى يۇلۇۋاپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ يۇڭلىرى ئۇلارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە جىق بولسىمۇ، لېكىن كۆرسەتكەن ساداقىتى بۇ ئىسىلزادىلەرنىڭ بىر تال تۈكىگىمۇ زىيان يەتكۈزمەپتۇ؛ بەلكى ئۇلار سۈنى لېيىتىپ بىلىق تۇتۇپ، ھەر بىرى بىر ئۇلۇشتىن نەرسە ئېلىشىپ، ئۆزلىرىگە سوغۇقتا توڭدۇرمايدىغان چۈشەك تەييارلىشىۋاپتۇ.







# ئۈچ سەھرالىق

ئۈچ سەھرالىق يېزا سارىيىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار پايتەختتە ھارۋىكەشلىك قىلىپ جىق جاھان كۆرگەن، پۇلمۇ تاپقان ھەم خەجلىگەن، مانا ئەمدىلىكتە ئۆز يۇرتىغا قايتىۋاتقانلار ئىكەن.

كۆچىنى ساتىدىغان ئادەملەر قورسىقى ئاچ بولسا ئۇخلىيالمايدۇ. ئۇلار كەچلىك تاماق ئاپتۇ. ۋەھالەنكى يېزا سارىيىدا تاماق چەكلىك بولىدىكەن. قورساقلىرى ئېچىپ غولدۇرلاپ كەتكەن بۇ ئۈچ ئەزىمەتكە شۇ كۈنكى ئېشىپ قالغان تاماقتىن بىر قاچا گۆشسىز شورپا، ئازراق گاڭپەن، بىر ئاز بولكىلا قالغانىكەن. نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ يەرنى پېتېربۇرگقا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ - دە، ھەر ھالدا بولمىغىنىدىن مۇشۇنچىلىك بولسىمۇ تېپىلغىنى چوڭ ئىش. ئۇلار بۇنىڭغا شۈكۈر قىلىپ، تاماقنى تازا مەززە قىلىپ بىر پۇرىۋالغاندىن كېيىن يېمەكچى بولۇشۇپتۇ.

بۇ ئۈچىنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى چاققان بىر يىگىت بار ئىكەن. ئۇ بۇنچىلىك تاماقنىڭ ھېچكىمنىڭ قورسىقىنى تويدۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بىر ئامال بىلەن ھەمراھلىرىنى ئەپلىمەكچى بوپتۇ (ئۇ كۈچ ئىشلىتىپ ئەمەس، بەلكى ھىيلە ئىشلىتىپ جايلىماقچى ئىكەن).

— سىلەر قوما دېگەن كىشىنى ئاڭلىغان بولغىيتتىڭلار، — دەپتۇ ئۇ، — بىلەمسىلەر، — يېقىندا ئەسكەر ئېلىش باشلىنىپ، ئۇنىمۇ ئەسكەرلىككە ئېلىپ كېتىپتۇ.

— ئەسكەر ئېلىش باشلىنىپتىمۇ؟





— سىلەر تېخى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ جۇڭگو بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، جۇڭگونىڭ چىپىنى ئەمدى چار پادىشاھنىڭ قولىغا ئۆتكۈزىدىغان گەپ ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن، ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنازىرە باشلىنىپتۇ (ئىككىسىلا گېزىتنى باشتىن - ئاخىرغىچە تولۇق ئوقۇپ چىقىدىغان، بەزىدە تېخى ھۆكۈمەت ئاخباراتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپمۇ قويىدىغان ئادەملەر ئىكەن). ئۇلار ئۇرۇش زادى قانداق بولىدۇ؟ باش قوماندان كىم بولۇشى مۇمكىن دېگەندەك مەسىلىلەردە توختىلىپتۇ. بۇ گول ئادەملەر ھە دېسە پرىنسىپ، ئەقلىي يەكۈن، پەرەز دېگەندەك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ پىشمىغان پىكىرلىرىنى شەرھلەيدىكەن. ئۇلارنىڭ تالىشىشى بىزنىڭ ھېلىقى چېۋەر ئالدامچىمىزغا تازا پۇرسەت بولۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار ھەربىي ئىشلار توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىپ قىزىپ كېتىۋاتقان چاغدا، ئۇ بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۇرمەي ئۇستەلدىكى تاماقنىڭ ھەممىسىنى يەپ بوپتۇ.

كىشىلەر ئۆزلىرىگە قىلچە مۇناسىۋەتسىز ئىشلار توغرىسىدا پىكىر يۇرگۇزۇشكە ئامراق، مەسىلەن، ھىندىستاننىڭ تەقدىرى، ئۇلار قاچان، نېمە سەۋەبتىن شۇ ئەھۋالغا قالغان دېگەندەك مەسىلىلەرنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە تەھلىل قىلىشىپ كېتىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ چاغدا ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە ئوت تۇتىشىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالىدۇ.





# پادىچى

پومپىشچىكنىڭ قويىنى باقىدىغان بىر پادىچى بار ئىكەن، ئۇنىڭ قاراۋاتقان قويلىرى كۈندىن - كۈنگە ئازىيىشقا باشلاپتۇ. بۇ بالايىقازادىن بۇ چىرايلىق يىگىت بەزىدە ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپمۇ كېتىدىكەن. بەزىدە خەقلەر ئۇنىڭ: «ۋاي، ئاغىنىلەر، ماۋۇ ياۋۇز بۆرە قويلىرىمنى تۈگەتكىلى تۇردى، ئوبدان قويۇمنى بۇردا - بۇردا قىلىۋەتتى» دەپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالىدىكەن.

— بۇ شۇنداق بولىدۇ، — دەيدىكەن كىشىلەر، — يېقىن ئەتراپتا بۆرىلا بولىدىكەن، ھېچقانداق قويىنىڭ ئامان تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس.

كۆپچىلىك بۇ ئەھۋالدىن قايغۇرۇپ دەرھال بۆرىنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ.

بىراق، پادىچىنىڭ ئۆيىدىن بىردەم بۇغداي ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىلىۋاتقان قوي بۆرىكىنىڭ، بىردەم قوي گۆشى شورپىسىنىڭ پۇرىقى كېلىدىكەن، بۇ نېمە ئىش؟ ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاشپەزلىك قىلغان، لېكىن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاچقا، پومپىشچىك ئۇنى پادىچىلىققا چىقىرىپ قويغان. شۇڭا، ئۇنىڭ تاماق ئېتىش ھۈنىرى بىزنىڭ ئاشپەزلەرنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن.

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ياۋۇز بۆرىگە لەنەت ياغدۇرۇپ، ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن پۈتۈن ئورماننى ئاختۇرۇپ چىقىپتۇ، لېكىن بۆرىنىڭ قارىسىنىمۇ ئۇچرىتالماپتۇ.



ھەي دوستلىرىم، سىلەر بىكار جاپا چەكتىڭلار، قوينى بۆرە ئەكەتتى دېگەن يوق گەپ. قوينى كىم يېگەن؟ ئەلۋەتتە، ئاشۇ پادىچىنىڭ ئۆزى.







# تىيىن

تىيىن شىرنىڭ خىزمەتكارى بوپتۇ. ئۇنىڭ نىمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سۇرۇشتۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئىشقىلىپ ئۇ شىرنىڭ كۆڭلىگە يېقىپتۇ. شۇنىڭغا ھۆددە قىلالايمەنكى، شىرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولۇش ھەرگىزمۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس.

تىيىنگە بىر ھارۋا ياڭاق بېرىشمەكچى بولغانىكەن، ۋەددىغۇ بېرىلىپتۇ، لېكىن ئارىدا ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ بۇ كىچىك جانىۋىرىمىز قورسىقى يېرىم ئاچ، يېرىم توق، بەزىدە چىشىنى چىشلەپ، بەزىدە زارلاپ دېگەندەك ئاشۇ پېشكەل كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئۇ كۆزىنى ئاچسىلا دوستلىرىنىڭ دەرەختىن - دەرەخكە سەكرەپ يۈرۈشكىنىنى كۆرىدىكەن. تىيىن بىچارىلەرچە ئۇلارغا تەلمۈرۈپ قارايدىكەن، ئۇلار بولسا ياڭاقلارنى كاراسلىتىپ راسا راھەتلىنىپ يەيدىكەن. بىزنىڭ بۇ كىچىك تىيىنىمىز ئۇلارنىڭ قېشىغا باراي دېسە، ئۇلار: «بولمايدۇ، بۇنداق قىلساڭ ھەرگىز بولمايدۇ» دېيىشىپ، ئۇنى شىرغا چاي قۇيۇپ بېرىشكە ياكى ئۇنىڭ كەچلىك تاماقىدىن خەۋەر ئېلىشقا بۇيرۇيدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ بۇ تىيىنىمىزمۇ ئاخىر قېرىپتۇ، ئىشتىنىمۇ چىقىپتۇ. شىر ئەمدى ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ، ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا، ئۇ ئۆزىگە تېگىشلىك نەپىقىگە، يەنى ئۇلار بۇرۇن ۋەدە قىلغان ھې-





لىقى بىر هارۋا ياڭاققا ئېرىشىپتۇ.

بۇ ياڭاقلار شۇنداق خىل ئىكەنكى، ئۇنىڭدەك ئېسىل يا-
ڭاقنى تاپقىلى بولمايدىكەن، بۇ ياڭاقلارنىڭ ئارىسىدا سورتتىن
ئۆتمەيدىغان بىرەرىمۇ يوق ئىكەن. لېكىن، بىردىنبىر ئەپ-
سۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، بۇ چاغدا تىيىننىڭ ياڭاق يېگۇ-
دەك چىشى قالمىغانىكەن.







# چاشقان

— بۇ قالتىس قورقۇنچلۇق ئىش، ئاچا ! — دەپتۇ چاشقان ئۆزى بىلەن بىر كېمىدىكى يەنە بىر چاشقانغا، — سىنىڭ تېخى خەۋىرىڭ يوققۇ دەيمەن، كېمىدىن دەز چىقىپ كېتىپ قالدى، ئاستىدىن خېلى جىق سۇ ئېقىپ كىرىۋاتىدۇ، بېشىمغا يېتەي دەپ قالدى (ئەمەلىيەتتە بۇ چاغدا سۇ ئۇنىڭ پۇتىنى ئاران نەم قىلغانىكەن). بۇنىڭدىكى چاتاق نەدە دېسەڭ، كېمە باشلىقى بۇ قېتىمقى سەپەردە غەرق مەستلا ياكى مەستلىكنى يېشەلمەي يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېمىچىلەر، بىر - بىرىدىن ھۇرۇن. بۇ كېمىدە تەرتىپ - تۈزۈم دېگەن نېمە يوق، پۈتۈنلەي قالايمىقانچىلىق ! بابا كۆپچىلىكنى خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن كېمە چۆكۈپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ۋارقىرىدىم. لېكىن، نېمە پايدىسى بولدى دەيسەن، ئاڭلايدىغان ھېچكىم يوق. خۇددى مەن يالغان دەۋاتقاندەك، بىمەنە جۆيلۈۋاتقاندەك ! كېمىنىڭ ئاستىغا قاراپ باق ! ئەمدى بۇ خەقنىڭ كېمىنى يەنە بىر سائەت ھەيدىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىزمۇ كېمىدىكىلەر بىلەن بىللە ئۆلۈپ تۈگەشمەيلى؟ يۈر، دەرھال بۇ كېمىدىن چۈشۈپ كېتەيلى، بەلكىم قۇرۇقلۇقمۇ يىراقتا بولمىسا كېرەك !

شۇ گەپتىن كېيىن، بۇ دانا چاشقانلار كېمىدىن سەكرەپتىكەن، ئىككىلىسىلا سۇغا غەرق بولۇپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ كېمىمىزچۇ، بۇ كېمە قابىل، زېرەك ئادەمنىڭ قولىدا بولغاچقا، ھېچقانداق يېرىگە زىيان - زەخمەت يەتمەي قىرغاققا



ئامان ـ ئىسەن چىقىپتۇ.

كىمە باشلىقى، كېمىچىلەر ۋە دەز توغرىسىدىكى ھېلىقى گەپنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بەلكىم بىلگۈڭىز كېلىدىغاندۇ؟ ئازراق دەز چىققىنى راست، لېكىن تايىنلىقلا. ئۇنىڭ ئۈستىدە ۋاقتىدا، جىددىي ئېتىبار بېرىلگەنلىكتىن ئۇ يەرمۇ دەرھال ئېتىۋېتىلگەن. ئەمدى باشقا گەپلەرگە كەلسەك، بۇلار پۈتۈنلەي ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان.







# تۈلكە

12 ـ ئاينىڭ تازا سوغۇق كۈنلىرى ئىكەن. تۈلكە ئەتىگەندە كېلىپ كاچكۆلدىن سۇ ئىچىپتۇ، ئۇنىڭ بىپەرۋالىقىدىنمۇ ياكى تەقدىر ـ قىسمەت شۇنداق بولغانمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ قۇيرۇقى مۇزغا چاپلىشىپ قاپتۇ.

ئەسلىدە بۇ كۆڭۈل بۆلگۈچىلىك ھېچقانچىمۇ چوڭ ئىش ئەمەس ئىكەن، قۇيرۇقىنى كۈچەپ بىرلا تارتقان بولسا، يامىنى كەلسە ئون نەچچە تال تۈكىلا يۇلۇنۇپ، ئۆزى خەقلەر ئۇخلاۋاتقان چاغدا ئۆيىگە جىممىدە بېرىۋالاتتىكەن.

ۋەھالەنكى، تۈلكىنىڭ ئۆزىنىڭ يۇمشاق، قىزىل، پاخماق قۇيرۇقىنى ئازراق بولسىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىشقا قىيالىشى مۇمكىنمۇ؟

ئۇ: «ياق، بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇراي! ھازىر مېنى ھېچكىم كۆرمىدى. بۇ يەردە تۇرغانلىقىمنى كىم بىلەلەيدۇ؟ بەلكىم مۇز ئېرىپ قالسا قۇيرۇقۇممۇ قۇتۇلۇپ قالار» دەپ ئويلاپتۇ.

تۈلكە تۇرۇۋېرىپتۇ، تۇرغانسېرى قۇيرۇقى مۇزغا تېخىمۇ چىڭ چاپلىشىپتۇ. مانا ئەمدى قۇياشمۇ چىقىپتۇ، كىشىلەرنىڭ ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا مېڭىپ سۆزلەشكەنلىرى ئاڭلىنىپتۇ. بىچارە تۈلكە ئەمدى ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. قۇيرۇقىنى ئۇيان تارتىپ، بۇيان تولغاپ بېقىپتۇ، بىراق مۇزغا مەھكەم چاپلىشىپ قېتىپ قالغاچقا مىدىرلىتالماپتۇ.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ بەختىگە يارىشا بۆرە كېلىپ قاپتۇ.



— قەدىردان دوستۇم، قەدىناس دوستۇم، ماڭا ئاتا ئورنىدا ئاتا بولىدىغان بۇرادىرىم، ئەجەب ئوبدان ۋاقتىدا كەلدىڭ، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالساڭ! — دەپتۇ تۈلكە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ.

ئۇنىڭ بۇ ئىشەنچلىك دوستى دەرھال توختاپ ئۇنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇۋالماقچى بوپتۇ، يەنى كەسكىن ئۇسۇل قوللىنىپ، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپلا ئۈزۈۋېتىپتۇ.

قۇيرۇقىدىن ئايرىلغان بىچارە تۈلكە جېنىنىڭ ئامان قالغانلىقىنى چوڭ بەخت بىلىپ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

بۇ مەسەلنىڭ مەنىسىنى سىلەر بەلكىم چۈشىنىپ يەتكەنسىلەر: تۈلكە قۇيرۇقىنى ساقلاپ قالىمەن دېگەن بولسا، بىر نەچچە تال تۈككە قىيالمايدىغان ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك ئىدى.







# بۆرە بىلەن قوي

بۆرىلەر قويلارنى بوزەك قىلىپ، ئۇلارنى زادىلا كۈن ئالغىلى قويماپتۇ. بۇ ئىش ئاخىر يامانلىشىپ، هايۋانات دۆلىتى هۆكۈمرانىنىڭ جىددىي دىققىتىنى قوزغاپتۇ. ئۇ دەرهال تەدبىر قوللىنىپ، قويلارنى قوغداپ قالماقچى بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار يىغىنى چاقىرىلىپتۇ. راست گەپنى قىلغاندا، بۇ ئەمەلدارلارنىڭ بىر نەچچىسى بۆرە ئىكەن. لېكىن، مەلۇماتنامىگە ئۇلار ناهايىتى ياخشى بۆرىلەر دەپ پۈتۈلگەنىكەن. بۇ ئابرۇيلۇق بۆرىلەرنى باشقىلار تېخى يۇرتنى ئادىل سوراپتۇ دەپ، ئۇلارنىڭ قورسىقى توق ۋاقىتلىرىدا قويلارنىڭ يېنىدىن ناهايىتى سىپايە ئۆتكەنلىرىنى مىسال قىلىپ، نۇرغۇن دەلىل - ئىسپاتلارنى كۆرسەتكىنىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنداق ياخشى ئاتىقى بار بۆرىلەرنى يىغىنغا قاتناشتۇرماسلىققا ئاساسمۇ تاپقىلى بولمايدىكەن. قويلار ئەرز قىلىشقا هوقۇقلۇق، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بۆرىلەرنى خارلاشقا بولمايدۇ - دە !

شۇنداق قىلىپ، ئورمانلىقتا يىغىن ئېچىلىپتۇ. ئەرز - شىكايەتنىڭ هەممىسى تۈگىگەندىن كېيىن، ناهايىتى مۇكەممەل بىر قانۇن تۈزۈلۈپتۇ. ئۇ قانۇننى سۆزمۇ سۆز، ئەينەن كۆچۈرۈپ چىققاندا تۆۋەندىكىچە بولىدىكەن:

«بۆرىنىڭ قويلارغا دەخلى - تەرۇز قىلىش قەستى سېزىلىپ، قويلار بوزەك قىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن چاغدا، مەيلى ئۇ بۆرىنىڭ قايسى بۆرە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،





قويلار ئۇنى بويىندىن بوغۇپ، چاتقاللىقتىكى ياكى ئورمانلىق-
تىكى سوتقا سۆرەپ ئاپىرىشقا ھوقۇقلۇق».

بۇ قانۇنغا پالان - پۇستان دېيىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. لېكىن، مەن شۇنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەنكى، ئۇلار قويلار ھەر قانداق ئەھۋالدا بۆرىلەرنى بويىندىن سۆرەپ سوتقا ئاپىرىشى كېرەك دەيدىكەن، بىراق ھالا بۇگۇنگىچە ئاشۇ سوت بولىدىغان ئورمانغا قوي بۆرىنى ئەمەس، بۆرە قويلارنى سۆرەپ ئەكىرىپ كېتىۋاتىدۇ.







# دېھقان بىلەن ئىت

ھەم ئۆي - زېمىنلىرى بار، ھەم ئېتىز - ئېرىقلىرى بار ناھايىتى باي بىر دېھقان بار ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى پۇل خەجلەپ بىر ئىتنى ياللىۋاپتۇ. ئۇ ئىتنى قەلەندەرلەرنىڭ ھويلىغا ئۇسۇپ كىرىشىنى توسۇش، بولكا پىشۇرۇش، يەر سۇغىرىش ۋە كۆكتاتلىقتا قاراشتەك ئىشلارغا سالماقچىكەن. بەلكىم بۇنداق دېسەم كىتابخانلىرىم غەزەپلىنىپ: «ۋاي خۇدا-يىم ! پۇتۇنلەي ئالجىغىلى تۇردۇڭغۇ ! مۇنداقمۇ بىمەنىلىك بولامدۇ. ماقۇل، ئىت كېچىسى ھويلىغىمۇ قارىسۇن، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قىلالايدىغانلىقىمۇ راست، لېكىن ئىتنىڭ بولكا پىشۇرۇپ باققانلىقىنى كىم كۆرۈپتىكەن؟ ئىت قاچان يەر سۇغىرىپ، كۆكتاتلىقتا قارانچۇقلۇق قىلىپ بېقىپتىكەن؟» دېيىشى مۇمكىن.

كىتابخانلىرىم، توختاڭلار. ئىتنى مەن شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلالايدۇ دەيدىغان دەرىجىدە ئالجىپ قالغىنىم يوق. مەن بۇ يەردە باشقا بىر مۇھىم تەرەپنى نەزەردە تۇتۇۋا-تىمەن.

ئىتنىڭ شۇ ۋەزىپىگە ئېرىشىپ قالغانلىقىنىڭ ئۆزى مۇھىم مەسىلە ! ئۇ دېھقاننى ئۆزىگە ئۈچ ھەسسە ئارتۇق ما-ئاش بېرىشكە كۆندۈرۈۋالدىمۇ، ھە، ئەمدى بولدى، ئىش ئا-سانلاشتى.

خوش، شۇنداق قىلىپ دېھقان بازارغا بارماقچى بوپتۇ. ئۇ بېرىپتۇ، بارغاندىمۇ بىرلا قېتىم بېرىپتۇ، لېكىن قايتىپ



كەلگەندە شۇ بارغىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىپتۇ. ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگىنى كۆكتاتلىقنىڭ ئىشلىرى قىلىنمىغانلىقى، بولكىنىڭمۇ پىشۇرۇلمىغانلىقى بولسا؛ ھەممىدىن بەك ئەلەم - نادامەتتە قالدۇرغىنى ھويلىغا ئوغرى كىرىپ پەستىدىكى ئۆينى سۇپۇرۇپ چىقىپ كەتكەنلىكى بوپتۇ.

دېھقان ئاغزىنى بۇزۇپ ئىتنى بىر مۇنچە تىللاپتۇ. لېكىن، ئىتنىڭمۇ ئۆزىگە قويۇلغان ھەر بىر ئەيىبكە دەيدىغىنى بار ئىكەن، ئۇ كۆكتاتلىقنىڭ ئىشىنى قىلىمەن دەپ بولكا پىشۇرۇشقا يېتىشەلمەپتۇ، كۆكتاتلىقنىڭ ئىشىنى قىلاي دېگەندە ھويلىغا قارايدىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ؛ ھويلىغا ئوغرى كىرگەن چاغدا خىيالى بولكىدا بولۇپ قاپتۇ.



# ئىككى بالا

— ھەي، شېنيە، ئاڭلىدىڭمۇ؟ بۈگۈن بىز ئۈچچە قال-
دۇق، بىزنى مەكتەپكە قوينى ھەيدىگەندەك ھەيدىمەيدىغان بول-
دى ! يۈر، باغقا كىرىمىز، ئەمدى كاشتان يەيدىغان پۇرسەت
چىقتى.

— فېديە، ئاشۇ دەرەخكە چىقالايمىز دېسەڭ، مەن ئىشەن-
مەيمەن. شۇنداق تىك ھەم سىلىق تۇرسا، قانداقمۇ چىقالاي-
مىز، كاشتان يەيمىز دەپ خام خىيال قىلمايلى.

— راست، شېنيە، ئەندىشەڭ ئورۇنلۇق ! بويىمىز يەتمى-
سە كاللىمىزنى ئىشلەتمەمدۇق. ھېچقىسى يوق، مەن بىر ئامال
ئويلاپ قويدۇم ! ماڭا قارا، مېنى پاكارراق بىر شاخقا چىقى-
رىپ قويساڭلا بولدى، قالغىنىنى ماڭا قويۇپ بەر. بىز شۇ
يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ بىر كۈن كەچكىچە كاشتان يەيمىز !

بۇ ئىككى بالا كاشتانلىققا يۈگۈرۈپتۇ. شېنيە دوستىغا
ئېگىشىپ دۈمبىسىنى چىقىرىپ بېرىپتۇ. ئۇ بىچارە ھاسىراپ -
ھۆمۈدەپ مىڭ تەستە فېديەنى دەرەخكە چىقىرىپ قويۇپتۇ.
فېديە ئەپلىك بىر يەرگە ئولتۇرۇۋېلىپ، خۇددى ساڭغا كىر-
گەن چاشقاندەك، ئالدىدىكىنىڭ ھەممىسىنى يېگىلى تۇرۇپتۇ.

بۇ كاشتانلار قانداق دېمەمسىز؟ ئۇ يەپمۇ، ساناپمۇ تۈگەت-
كىلى بولمايدىغان دەرىجىدە جىق ئىكەن. ئەمدى ئۇ كاشتاننى
دوستى بىلەن تەڭ يېيىشى كېرەكقۇ !

لېكىن، ئىش ئۇنداق بولماپتۇ، شېنيەگە بىر تال كاش-
تانمۇ تەگمەپتۇ. بىچارە شېنيە دەرەخ ئاستىدا چىشىنىڭ كى-





رىنى شوراپ تۇرۇپتۇ. ئۇ فېدىيەنى قاچان يېيىشتىن توختاي-دىكىن دەپ تەلمۈرۈپتۇ، فېدىيە بولسا دوستىغا شاكالنى، پەقەت كاشتانىنىڭ شاكىلىنىلا تاشلاپ بېرىپتۇ.

※ ※

فېدىيەنىڭكىدەك ئىشلار دۇنيادا جىق. دوستلىرى بىر مۇنچە جاپا تارتىپ، ئۇنى يۆلەپ پۇلى بار، مەرتىۋىسى بار، هوقۇقى بار يەرگە چىقىرىپ قويىدۇ، ۋەهالەنكى ئۇلارنىڭ ئەجرى كاشتان شاكىلىچىلىك مۇكاپاتقىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ.





# بۆلاگچى بىلەن ھارۋىكەش

كېچىدە چوڭ يولغا يېقىن دەرەخلىكتە، بىر بۆلاگچى ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى بۆلاش مەقسىتىدە يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. ئۇ خۇددى قىش بويى بىر نېمە يېمىگەن ئاچ ئېيىققا ئوخشاش، غەزەپلىك كۆزلىرىنى ئەتراپتىن ئۈزمەپتۇ.

مانا، ئاخىر ناھايىتى جىق مال بېسىلغان بىر ھارۋا كەپتۇ.

«ئەمدى ناھايىتى ياخشى بولدى» دەپتۇ قاراقچى ئىچىدە، «بۇ بازارغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقان قىممەت پۇللۇق مال، بەلكىم پۈتۈنلەي تاۋار - دۇردۇن بولۇشى مۇمكىن! ھا - ھا - ھا، سېپان، پۇرسەتنى قولدىن بەرمە، ئامەت سېنىڭكى. دېمەك، بۈگۈنكى جاپايىڭ بىكار كەتمىدى.»

ھارۋا يېقىنلاشقاندا، ئۇ: «توختا!» دەپ ۋارقىراپتۇ - دە، ھارۋىكەشنى بازغاندەك مۇشتى بىلەن كومىمىدە بىرنى قويۇپتۇ.

لېكىن، ئالدىرىماڭ، بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۈچ سىنىشىۋاتقىنى بوش ئادەم ئەمەس ئىكەن. ئۇ قاۋۇل، كۈچلۈك كىشى بولۇپ، ئولتۇرۇپ قالغان بولسىمۇ ھەر ھالدا، ئۇنىڭغا بوش كەلمەپتۇ، دۈشمىنى بىلەن تاشتەك چىڭ تۇرۇپ ئېلىشىپتۇ.

بۆلاگچى قولغا ئالدىم دەپ ئويلىغان مالنى ئەمدى قاتتىق ئېلىشمىسا ئالالمايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئېلىشىشى ھەم شىددەتلىك بوپتۇ، ھەم ئۇزۇنغا سوزۇلۇپتۇ. بۆلاگچى تولۇق ئون ئىككى



چىشىدىن ئايرىلىپتۇ، بىر قولى سۇنۇپتۇ، بىر كۆزىمۇ قۇيۇ-
لۇپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئاخىرقى غەلىبىنى يەنە شۇ ئاپتۇ،
تۇتۇشۇپ يۈرۈپ ئاخىر هارۋىكەشنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاندىن ئۇ
ماللارنى ئالاي دەپ شۇنداق قاراپتىكەن، ئۇنىڭ ئېرىشكىنى
تولۇق بىر هارۋا شار — باللار ئوينايدىغان شار بولۇپ چى-
قىپتۇ.

※ ※

ئادەم تېزلا بەربات بولۇپ كېتىدىغان مەقسىتىگە يېتىش
ئۈچۈن، جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىنمۇ، ئەسكىلىك قىلىشتىنمۇ،
چاتاق چىقىرىشتىنمۇ ۋە پاراكەندىچىلىك تېرىشتىنمۇ يانماي-
دۇ.



# شىر بىلەن چاشقان

چاشقان مىسكىن هالدا شىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر دەرەخنىڭ ئاستىدىن ماكان تۇتۇشقا رۇخسەت قىلىشىنى سوراپتۇ.

— بىزنىڭ بۇ ئورماندا، — دەپتۇ چاشقان، — سىلى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ شۆھرەتلىك، بۇ ئەتراپتا سىلىدەك قۇدرەت ئىگىسى يوق. سىلى بىرلا ۋارقىراپ قويسىلا، پۈتكۈل هايۋان قورقۇپ، تىترەپ كېتىدۇ، شۇنداقتىمۇ سىلىگە ئالمادىس بىر خەۋپ يەتمەيدۇ دېگىلى بولماس. شۇ چاغدا ياردەمگە بىرەرسى لازىم بولۇپ قالار. گەرچە جۇغۇم كىچىك بولسىمۇ بىر كۈنى سىلىگە ئەسقېتىپ قالارمەن.

— نېمە! — دەپ ۋارقىراپتۇ شىر كانىيىنى كېرىپ، — سەن هارامىلىق ئۆزۈڭنى شۇنچە قالتىس چاغلامسەن، ماڭا ئەسقاتارمىش تېخى! ۋۇ، زۇۋانى ئۆچكۈر! دەرهال كۆزۈمدىن يوقالمايدىغان بولساڭ، هېلى جېنىڭنى ئالىمەن! تېز يوقال، بولمىسا، بېشىڭنى يەيسەن!

چاشقان قورققىنىدىن جېنى چىققۇدەك بولۇپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە قېچىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ۋەهالەنكى، شىر پادىشاهنىڭ تەكەببۇرلۇقى ئۇزۇن ئۆتمەيلا بېشىغا چىقىپتۇ. بىر كۈنى كەچتە، ئۇ تەملىكرەك بىر نېمە يەيمەن دەپ تۇيۇقسىز تورغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى هېچقانداق كارغا كەلمەپتۇ، ئۇ هۆركىرەپ بېقىپتۇ، نالە قىلىپ بېقىپتۇ، لېكىن بۇنىڭ هېچقانداق رولى



بولماپتۇ. ئۇ تاتىلاپ تىرمىلاپمۇ، ئۆزىنى ئۇرۇپمۇ مۇستەھكەم توردىن چىقالماپتۇ، ئاخىر قەپەسكە چۈشۈپ قېلىپ خەقلەرگە كۆرگەزمە قىلىنىپتۇ.

شىر ئۆز ۋاقتىدا چاشقاننىڭ گېپىنى پوچىلىق قىلىپ رەت قىلىۋەتمىسەم بوپتىكەن، دەپ پۇشايمان يېگەندە پۈتۈنلەي كېچىككەنىكەن. شىر بېشىغا كەلگەن كۈننى ئويلاپ، ئۆز-ئۆزىگە: «ئۇنىڭ كىچىك چىشلىرى مېنى ۋەيران قىلغان تور-نىڭ يىپلىرىنى ئىتتىكلا كېسىۋەتكەن بولاتتى، ھاكاۋۇرلۇقۇم ئاخىر بېشىمغا چىقتى!» دەپتۇ.

※ ※

مۇنەۋۋەر كىتابخانلىرىم، ھەقىقەتنى جارى قىلىش ئۈچۈن مەن ياش ۋاقىتلىرىمدا ئاڭلىغان بىر سۆزنى قوشۇمچە قىلىپ قوياي. خەقلەر: «قۇدۇققا تۈكۈرمە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە چاڭقاپ قالساڭ شۇ قۇدۇقتىن سەنمۇ سۇ ئىچىشىڭ مۇمكىن» دېگەن. بۇ گەپ قىلچە ئاساسسىز ئەمەس.







# خوراز بىلەن كاككۆك

— سۆيۈملۈك خوراز، سەن نەقەدەر ياڭراق، نەقەدەر هەيۋەتلىك ناخشا ئېيتىسەن - هە !

— لېكىن، سەنچۇ، قەدىرلىك كاككۆكۈم، ناخشا دېگەننى ئۆزۈڭمۇ ئوبدان ئېيتىسەن، شۇ قەدەر رىتىملىك، شېرىن هەم لەرزان ! بىزنىڭ بۇ ئورماندا سەنچىلىك ناخشىچىنى تاپقىلى بولمايدۇ.

— سېنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل ناخشىلىرىڭنى ئاڭلىغاندا ئىچ - ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كېتىمەن.

— ئۆزۈڭچۇ، گۈزىلىم، قەسەم ئىچىپ بىرەلەيمەنكى، سەن جىم بولۇپ قالغان چاغلاردا مەن سېنى قاچان ناخشا ئېيتاركىن، دەپ تەلمۈرۈپ كېتىمەن. ئۇ ناخشىلارنى نەدىن ئۆگىنىۋالغان بولغىيتتىڭكىن، سەن ئېيتقان ناخشىلار شۇنداق سۈزۈك، شۇنداق يېقىملىق، شۇنداق ياڭراق، خۇدايىم سېنى جۈغى كىچىك يارىتىپ قويغىنى بىلەن، ناخشا - كۈيگە كەلگەندە، هەتتا بۇلبۇلنىمۇ ساڭا تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ جۇمۇ.

— ماختىغىنىڭغا رەهمەت، دوستۇم. سەنمۇ بىردەم تۆۋەن ئاۋازدا، بىر دەم يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا ئېيتقىلى تۇرساڭ، هەتتا جەننەت قۇشلىرىنىمۇ ئېشىپ چۈشىسەن. بۇنى

---

* بۇ ئەسەر بۇلگارىن بىلەن گرېچنىڭ بىر - بىرىنى ماختاپ ئاسمانغا كۆتۈرگەنلىككە كىنايە قىلىپ يېزىلغان. ئەينى ۋاقىتتا بىلىنىسكىمۇ ئەدەبىيات ساهەسىدىكى «ئۆز ئارا ماختىشىپ، بىر - بىرىنى ئۇلۇغ تالانت دەپ ئاسمانغا كۆتۈرۈشۈپ كىتابلىرىنى بازارغا سالىدىغان» رەزىل خاهىشلارنى ئوبرازلىق هالدا قامچىلىغانىدى.





كىمدىن سورىساقمۇ شۇنداق دەيدۇ.

شۇ ئارىدا بۇ يەردىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشقاچ ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەرنىڭ ئۆز ئارا كۆڭلۈڭلارنى ئۆستۈرۈۋاتقانلىقىڭلارغا قاراپ ئامراقلىقىم كېلىۋاتىدۇ. بوپتۇ، بىر - بىرىڭلارغا خۇشامەت قىلىۋېرىڭلار، ئۇنۇڭلار پۈتۈپ قالغۇچە ئۆزۈڭلارنى ماختىشىڭلار. لېكىن، سىلەرنىڭ ناخشاڭلار ھامىنى ئاشۇ يېقىمسىز پېتى قىلىۋېرىدۇ.

※ ※

نېمىشقا خوراز نومۇس قىلماي كاككۇكنى ماختاۋېرىدۇ؟ چۈنكى كاككۇكمۇ ئۇنى ماختاۋاتىدۇ - دە !





# ۋالىي

قەدىمكى زاماندا بىر ئېسىلزادە پانىي دۇنيادىكى كىمخاب تەتىللا بىلەن يېپىلغان ياسىداق كارىۋىتىدىن ئايرىلىپ، يىغا - زاره قاپلىغان يوللار بىلەن پلۇتوننىڭ① خۇنۇك دۇنياسىغا كەپتۇ، ئاددىي سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ ئۆلۈپتۇ. باقىي دۇنيانىڭ تۈزۈمى بويىچە، ئۇ دەرھاللا سورلۇك مۇنكىر - نەكىر بىلەن كۆرۈشىدىكەن. مۇنكىر - نەكىر ئۇنى سوئال - سوراققا ئاپتۇ:

— سېنىڭ ئەمىلىڭ نىمە؟ سەن قايسى تائىپىدىن؟

— مەن پروسسىيەدە تۇغۇلغان، ئۈزۈن يىل ۋالىي بولغانمەن، لېكىن ھايات ۋاقتىمدا سالامەتلىكىم ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن، مەھكىمىدىكى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلەلمىدىم، ھەممە ئىشنى كاتىپىمنىڭ بېجىرىشىگە ھاۋالە قىلدىم.

— ئۇنداقتا، ئۆزۈڭچۇ؟

— ئۆزۈم يەپ - ئىچىپ، ئۇخلاپ يۈردۈم، پەقەت كۆرۈشۈمگە ئەۋەتىلگەن ھۆججەتلەرگە قول قويۇۋەتتىم شۇ.

— ياخشى، ئۇنداق بولسا بۇنى جەننەتكە ئاپىرىۋېتىڭلار!

— لەنەت! — دەپ ۋارقىراپتۇ مېركورىي② ئەدەپ، ئىززەت دېگەنلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ھالدا، — مەن قارشى!

— بالام، — دەپتۇ ياشانغان ئەيكاۋۇس③، — سەن بىز-

---

① پلۇتون — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى باقىي ئالەمنى باشقۇرىدىغان ئىلاھمىش.

② مېركورىي — رىم ئەپسانىلىرىدىكى ئەلچى ئىلاھ، سودا ئىلاھمىش. بۇ يۇنان ئەپسانىلىرىدە خېرمېس دەپ ئاتىلىدۇ.

③ ئەيكاۋۇس — يۇنان ئەپسانىلىرىدە ھېكايە قىلىنىشىچە، ئېيگىنا پادىشاھى ئەيكاۋۇسمىش. ئۇ ئادىل، لىللا ئىش تۇتقانلىقى ئۈچۈن باقىي دۇنيادا مۇنكىر - نەكىر بولغانمىش.



نىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ئىشلىرىمىزنى قىلالمايسەن، سەن بىلمەمسەن، بۇ ۋالىي بىر ئەخمەق ! ئۇنىڭ قولىدا شۇنچە چوڭ ھوقۇق بار ئىكەن، ئەگەر بىرەر پالاكەت بېسىپ، ئۇ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتنى ئۆزى باشقۇرغىلى تۇرغان بولسا، ئۇ چاغدا نېمە بولاتتى، بىلەمسەن؟ ئۇ پۈتكۈل ۋىلايەتنى ۋەيران قىلغان، كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، خەلقنىڭ كۆز ياشلىرىنىڭ دەريادەك ئېقىشىغا سەۋەبچى بولغان بولاتتى ! لېكىن، ئىش ئۇنداق بولمىغان ! ئۇنىڭ ھېچ ئىش بىلەن كارى بولمىغان، ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشكە بۇيرۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇ يەردە.

※ ※ ※

ھىيلىلا سوتتىن چىقىشىم، بايىقى سودىيەگە سىنچىلاپ قاراپ باقسام، ئۇ چوقۇم ئۇدۇللا جەننەتكە كىرگۈدەك.



# شىر بىلەن ئادەم

كۈچلۈكلەر ئەلۋەتتە بەختلىك، لېكىن ئەقىل ـ پاراسەتلىكلەر ئۇنىڭدىنمۇ نەچچە ھەسسە بەختلىك ! بۇ ھەقىقەتكە ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئادەملەرگە بۇ مەسەلىم ئۇنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ؛ پاراسەتسىز كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق.

※ ※

ئوۋچى دەرەخلىككە تور سېلىپ قويۇپ ئۇخلاپتۇ، ئويغىنىپ قارىسا، ئۆزى شىر پادىشاھنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىكەن. شىر كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى ياغان، قورقۇنچلۇق ئاغزىنى يوغان ئاچقان ھالدا:

— ۋۇ ئۆلگۈر، — دەپ ۋارقىراپتۇ، — قېنى كۆرۈپ باقاي، قانچىلىك كارامىتىڭ باركىن، پۈتۈن ھايۋانلارنىڭ، ھەتتا مەندەك شىرنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدىغان قانچىلىك كۈچ ـ قۇدرىتىڭ باركىن ! ئەمدى مېنىڭ قولۇمغا چۈشتۈڭ، قېنى، كارامىتىڭنى كۆرسەت، سېنى شۇنچە يوغىنىتىۋەتكەن قايسى كۈچ ئۇ، بىر كۆرەي قېنى.

— بىزنىڭ ئارتۇق يېرىمىزنى ھېلى كۆرىسەن، — دەپتۇ ئوۋچى جاۋاب بېرىپ، — گەپ كۈچتە ئەمەس، ئەقىلدە. كېسىپ ئېيتىمەنكى، بەزى توسالغۇلاردىن مەن ئۆتەلەيمەن، لېكىن سەن ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان يېڭىلگەنلىكىڭگە تەن بېرىسەن.

* كرىلوف بۇ مەسەلنى كېيىن نەشر قىلىنغان توپلامدىن چىقىرىۋەتكەن.



— يوغان گەپلىرىڭنى قوي، مۇنداق ئالجىشلىرىڭغا ئىشەنمەيمەن.

— بۇ ئالجىش ئەمەس، ئەمەلىيەت. مەن دېگىنىمنى چوقۇم قىلىمەن. ئەگەر دېگىنىم يالغان چىقسا، مېنى يەۋەتسەڭ بولىدۇ. مانا، مېنىڭ سالغان تورلۇرۇمغا قارا، ئۇنى دەرەخلىكنىڭ ئارىسىغا ئۆمۈچۈك توردەك شۇنداق زىچ قويۇۋەتتىم. قېنى، بۇ توردىن قايسىمىز ئوڭاي ئۆتەلەيمىزكىن؟ سەن قوشۇلساڭ، ئالدى بىلەن مەن ئۆتەي، ئاندىن سەن پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن ئۆتۈپ باق. تور دېگەن ئازراق شامالدىمۇ لەپەڭشىپ كېتىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات قىلىشىڭ كېرەك! مېنىڭ كەينىمدىن چىقىمەن دەپ يالغۇز كۆچكىلا يۆلەنسەڭ ئىش ئاقمايدۇ.

شىر پادىشاھ توردىن ئۆتىدىغان بۇ ئىشنى پەقەت كۆزگە ئىلماي:

— قېنى ماڭ، — دەپتۇ ئۇ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن، — مەن بۇنىڭدىن شارتلا قىلىپ ئۇدۇل چىقىپ كېتىمەن.

ئۇۋچى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ، ئۇ يەرگە يېپىشقىنىچە تورنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شىر بولسا تورنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈشنى بىلمەيدىكەن، شۇڭا قاراملىق قىلىپ، ساداقتىن ئېتىلغان ئوقتەك ئۆزىنى تورغا بىر ئۇرۇپتىكەن، ئۇنىڭدىن ئۆتۈش بىر ياقتا تۇرسۇن، بەلكى تورنىڭ ئىچىگە قاپسىلىپلا قاپتۇ!

شۇنىڭ بىلەن، ئۇۋچى ئۆزىنىڭ سۆھبىتىنىمۇ، ئوۋنىنمۇ ئاياغلاشتۇرۇپتۇ. ئەقىللىق ئادەم ئاجىز بولسىمۇ نادان كۈچتۇڭگۇرنى كولدۇرلىتىپتۇ. شىر پادىشاھ بولسا بۇ ئەجەللىك ئويۇندا يەر بىلەن يەكسان بوپتۇ.





# چىپار قوي

شىر پادىشاھ چىپار قويلارغا ناھايىتى ئۆچ ئىكەن. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىۋەتسىلا بولمىدىمۇ، بۇنىڭغا جىق ۋاقتىمۇ كەتمەيدۇ ئەلۋەتتە. بىراق بۇنداق قىلغاندا چوڭ خاتالىق ئۆتكەن بولىدۇ. چۈنكى ئورماندىكى ھايۋانلار ئۇنى مۇشۇنداق قىلسۇن دەپ پادىشاھ قىلغان ئەمەس - دە. ئۇنىڭ ئالىي مەرتىۋىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالىشى زالىملىقتا ئەمەس، بەلكى ئادىللىقتا باغلىق. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ چىپار قوينى كۆرەرگە كۆزى يوق. خوش، شۇنداق ئىكەن، قانداق قىلغاندا ئابرۇيىنىمۇ ساقلاپ قالغىلى، كۆزگە قادالغان بۇ مىخنىمۇ يوقاتقىلى بولىدۇ؟ ئۇ ئېيىق بىلەن تۈلكىنى چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ بۇ باش قېتىنچىلىقىنى بۇ ئىككى سادىق ۋەزىرگە بايان قىپتۇ:

— چىپار قويغا قارىساملا كۆزلىرىم تورلىشىپ كېتىدۇ، مېنىڭچە چىپار قوي كۆزگە ئىنتايىن زىيانلىق نەرسە. قارىغاندا ئاشۇ قويلار ئاخىر كۆزۈمنى قارىغۇ قىلىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ نېمىلەرنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى زادىلا بىلەلمەيۋاتىمەن.

ئېيىق تەرىنى تۈرۈپ، كۆزىنى چەكچەيتكەن ھالدا مۇنداق دەپتۇ:

— كارامەتلىك شاھىم، مېنىڭچە بۇ ئىشنىڭ يولى ناھايىتى ئوڭاي، ئۇلارنى گاچ - گۇچلا ئۆلۈمگە بۇيرۇۋەتسىلە

---

* بۇ ئەسەر كرىلوف ھايات ۋاقتىدا ئېلان قىلىنمىغان. ئۇنىڭدا ئالېكساندىر I نىڭ پېتىربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ۋەيران قىلغان ئەكسىيەتچىل قىلمىشى پاش قىلىنغان. بۇ مەسەلدىكى شىر چار پادىشاھقا، ئېيىق ۋە تۈلكە ئەتىۋار ۋەزىر ئاراكچېيېۋ بىلەن كىنەز گولىتسىنغا دارىتما قىلىنغان.





بولغىنى، ئۇلارغا ھېچكىممۇ ئىچ ئاغرىتىپ كەتمەيدۇ.

بۇ تەكلىپنى ئاڭلاپ شىر پادىشاھنىڭ قوشۇمىلىرى تۇرۇلۇپتۇ. تۈلكە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشامەت بىلەن گەپ باشلاپتۇ:

— شاھىم، مۇھتەرەم شاھىم، مەن ئىشىنىمەن، سىلىنىڭ ئۇ بىچارە جانىۋارلارغا قىلچە زىيان - زەخمەت يەتكۈزگىلىرى كەلمەيدۇ. سىلى ناھايىتى رەھىم - شەپقەتلىك پادىشاھ، قانداقمۇ ئۇنداق قىلىشقا قوللىرى بارسۇن؟ مېنىڭ بىر پىلانىم بار، ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ دەپ باقسام: چىپار قويلارغا مەخسۇس بىر يايلاق ئاجرىتىپ بەرسىلە، ناھايىتى چىرايلىق، ئېسىل يايلاق بولسۇن، ساغلىقلار كۈن بويى ئوتلىسۇن، قوزىلار سەكرەپ - تاقلىشىپ ئوينىسۇن. بۇ يەردە پادىچىلىرىمىز ئاز، شۇڭا سىلى ئۇلارغا قاراشقا بۆرىنى پادىچى قىلىپ بەلگىلىسىلە، مېنىڭچە شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ بىر پەرەز. چىپار قويلار ئاخىر بىر كۈن چوقۇم يوقىلىدۇ. ھېچبولمىغاندا ھازىرچە بولسىمۇ ئۇلار ئۆز مەيلىچە يۈرۈپ تۇرۇشسۇن، ئۆلىدىغان ئىش بولسا ئۆلەر، بۇ شاھ ھەزرەتلىرىگە مۇناسىۋەتسىز، ھەرگىزمۇ سىلىنىڭ ئىشلىرى بولمايدۇ.

— كۆپچىلىك، قوشۇلامسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ شىر پادىشاھ. بارلىق قول - پۇتلار بىراق كۆتۈرۈلۈپتۇ.

بۇ پىلان قالتىس جايىدا ئىجرا قىلىنىپتۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چىپار قويلار ئاساسەن يوقىلىپتۇ، ھەتتا ئاق قويلارمۇ كېمەيگىلى تۇرۇپتۇ.

بۇ پاجىئەلىك ئاقىۋەتنى ھايۋانلار قانداق چۈشەندۈرۈپتۇ دېمەمسىلەر؟ ئۇلار شىر پادىشاھ بەكمۇ رەھىمدىل، ھەممىنى قىلغان ئاشۇ بۆرە، دېيىشىپتۇ.





# زىياپەت

ئاچارچىلىق يىللىرى ئىكەن. شىر پادىشاھ ھايۋانلارنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن چوڭ بىر زىياپەت بەرمەكچى بوپتۇ. ئۇنىڭ چاپارمىنى ئورماندىن تارتىپ دالىغىچە ھەممە يەرگە يۈگۈرۈپ، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى مېھمان-غا چىللاپتۇ. چاقىرغان يەرگە كىمنىڭ بارغۇسى كەلمەيدۇ دەيسىلەر؟ ھەممىمىزنىڭ ئۆيىمىزدە يەيدىغىنىمىز بار تۇرۇپ، يەنە زىياپەتنىڭ تامىقىنى تېتىپ باققۇمىز كېلىدىغۇ.

سۇغۇر، تۈلكە، قارىغۇ چاشقان ئۈچى ئەزمىلىك قىلىپ، سۆرىلىپ بېرىپ بولغۇچە زىياپەت باشلىنىپ بولغانىكەن. تۈلكە مۇھىم ئىشلىرىنى بېجىرىمەن دەپ، سۇغۇر ياسىنىمەن دەپ، قارىغۇ چاشقان يولدىن ئادىشىپ قېلىپ، تولۇق بىر سا-ئەت كېچىكىپ قاپتۇ. ئۇلار شىر پادىشاھنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر بوش ئورۇننىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاشۇ يەردە سىغدى-لىشىپ ئولتۇرارمىز، دەپ ئويلاپتۇ.

— دوستلىرىم، بۇ يەرگە قارىماڭلار، — دەپتۇ قاپلان ئۇلارغا، — بۇ ئورۇن بوش بولغىنى بىلەن بەربىر سىلەرگە تەگمەيدۇ، بۇ يەر پىلغا ئېلىپ قويۇلغان، ئۇ سىلەرنى ئىتتىد-رىپ چىقىرىۋېتىشى، ئىش يامىنىغا ئۆرۈلۈپ كەتسە، ھەتتا سىلەرنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئاچ قورساق ئۇخلىغۇڭلار كەلمىسە، تالادىكى ئۇستەلگە چىقىڭلار، قورسىقىڭلار تويىدۇ، ھەر ھالدا ئامىتىمىز بار ئىكەن دەپ خۇشمۇ بولىسىلەر. بۇ ئۇستەل ئەمدى كېلىدىغان بەھەيۋەت





هايۋانلارغا هازىرلانغان. سىلەر بولساڭلار ئۇششاق هايۋانلارغا مەنسۇپ. ناۋادا ئۆرە تۇرۇپ تاماق يېگۈڭلار كەلمىسە، مەرهەمەت، ئۆيۈڭلەرگە كېتىڭلار!



# مىشكانىڭ زىياپىتى

بىر كۈنى مىشكا ناھايىتى جىق مېھمان چاقىرىپتۇ. ئۇ ھەممە ئېيىقنى بىر - بىرلەپ ئىزدەپ چاقىرىپ ئولتۇرماپتۇ، بەلكى ئۆزىگە قولۇم - قوشنا بولغان ھايۋانلارنى، ئۇچراپ قالغان، خىيالىغا كەلگەنلەرنىلا چاقىرىپتۇ.

ئىشقىلىپ، بۇ زىياپەتنى ئېيىق بىر نېمىنى قۇتلۇقلاپ چاقىرغان، ئۇنىڭ قۇتلۇقلاۋاتقىنى تۇغۇلغان كۈنىمۇ، ئىسىم قويۇش كۈنىمۇ، يا ئۆي تويىمۇ، بۇلارنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدىكەن. مېھمانلار يەپتۇ، ئىچىپتۇ، ناھايىتى ياخشى مېھمان بولۇشۇپتۇ، تاماقلىرىمۇ، تاتلىق - تۈرۈملىرىمۇ، ھاراق - شارابلىرىمۇ شۇنداق كۆڭۈلدىكىدەك بوپتۇ.

مىشكا مېھمانلىرىنىڭ ناھايىتى ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىچە ھەر خىل قىلىقلارنى چىقارغىلى تۇرۇپتۇ، مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ئايناقلاپ، غىلجىڭلاپ ھاراق سۇنۇپتۇ، مەستلەرنىڭ سورۇندا ئېيتىلىدىغان ناخشىلارنى ئېيتىپتۇ، ئاخىر ئىت چىنە - قاچىلارنى يالىغىلى تۇرغان ۋاقىتتا، ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ.

— ئاھ، قەدىرلىك مىشكا، — دەپتۇ تۈلكە چاۋاك ئۇرۇپ، — ئۇسسۇلۇڭ نەقەدەر نەپىس! نېمىدېگەن چاققان، چىرايلىق، لەرزان ۋە قىزىقارلىق ئوينايسەن - ھە!

بۆرە ئۇستەلدە تۈلكىگە يېقىن ئولتۇرغانىكەن، ئۇ تۈلكىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ:





— ۋاي خۇدايىم، سەن پۇتۇنلەي ئالجىغىلى تۇردۇڭغۇ ! ئېيىقنىڭ مۇشۇ قالايمىقان سەكرەشلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ماختاۋاتىسىنا؟ ئاھ دەپ كەتكۈچىلىك نېمىسى بار؟ بەئەينى ساراڭدەكلا سەكرەۋاتامدۇ؟

— جۆيلۈۋاتقان ئۆزۈڭ، — دەپتۇ تۈلكە، — ھەممە نېمىگە سوغۇق كۈلۈپ يۈرىدىغان ئەخمەق ئىكەنسەن. تېخى چۈشەنمەيۋاتامسەن؟ بىزنى مېھمانغا چاقىرغانلىقى ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ ئۇسسۇلىنى ماختاۋاتىمەن. ئەگەر ئۇنى ماختاپ ئۆزۈمەگە قارىتىۋالىدىغان بولسام، كىم بىلىدۇ، ئۇ بىزنى كەچكى تاماققىمۇ ئېلىپ قالامدۇ تېخى.



[General Information]
书名=克雷洛夫寓言 4　维吾尔文
SS号=40250859